كىلاسسىكلار گۈلىستانى

# ھىممەتلىك كىشى قەدىرلىكتۇر

(لىسانۇن - نەبىر)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاپلىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ھەمەتلىك كىشى قەدىرلىكتۇر

(لىسانۇت ـ تەيىر)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

谦卑使人可贵：维吾尔文／阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-760-3

I. 谦… II.阿… III.维吾尔族－谚语－汇编－中国－
维吾尔语（中国少数民族语言） IV.I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第024516号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　谦卑使人可贵
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾则孜·阿塔伍拉萨尔特肯
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009年3月第1版
印　　次　2009年3月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-760-3
定　　价　9.90元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلىستانى
**كىتاب ئىسمى:** ھىممەتلىك كىشى قەدىرلىكتۇر
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:**
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-760-3
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ھىممەتلىك كىشى قەدىرلىكتۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) نىڭ ھاياتى ۋە «لىسانۇتتەير» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەۋائىينىڭ ھايات يولى[1]

مىلادىيە 1441 ـ يىل 9 ـ فېۋرال كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەر ــ ھىراتتا ئەلىشىر نەۋائىي دۇنياغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ھىرات شەھىرى خۇراساننىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تارىخىدىكى بۈيۈك بىر دەۋرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. نەۋائىينىڭ زاماندىشى ۋە شاگىرتى بولغان تارىخچى خاندەمىر ئۆزىنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى: «...خاقانى ئالىي مەقام شاھرۇھ سۇلتاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە... ئىززەت ۋە ئىقبال گۈلشەنىدە ئامانلىق ۋە ئۈمىد مېۋىلىرى بېرىدىغان بىر دەرەخ كۆكەردى، مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇق ئاسمانىدا دۆلەت ۋە بەخت ـ سائادەت كۆزىنى يورۇتقۇچى بىر يۇلتۇز پارلىدى... يەنى ئالىي مەرتىۋىلىك، ھىدايەت نەسەبلىك، پاكىز تەبىئەتلىك، ساپ نىيەتلىك، سەلتەنەت سۆيۈنچىسى، مەملىكەت ئۈستۈنى، خاقانىيە دۆلىتىنىڭ ياردەمچىسى، سۇلتان ھەزرەتلىرى (ھۈسەيىن بايقارانى دېمەكچى) نىڭ يېقىنى 17 ـ رامزان ئېيى 844 ـ سىنەدە يورۇقلۇق دۇنياسىدىن بارلىق ئالەمگە قەدەم بېسىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پارلاق چېھرىسى بىلەن يەر يۈزىنى يورۇتتى.»

ئەلىشىرنىڭ دادىسى غىياسىددىن مۇھەممەد «كىچىككىنە باھادىر»، «كىچىككىنە باخشى» ناملىرى بىلەن تونۇلغان زات

[1] بۇ مەزمۇن ئەسەت سۇلايماننىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.

ئىدى. تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1500 — 1551) ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىينىڭ ئەسلىي نەسەبى ھەققىدە مۇنداق دەپ ئۇچۇر بەرگەنىدى: «ئۇنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى.» نەۋائىي زامانداشلىرىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، نەۋائىينىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ بىلەن ئېمىلداش بولۇپ، تېمۇرىيلەر ئوردىسىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، تېمۇرىيلەر نەسلىگە مەنسۇپ بولغان پادىشاھلار، جۈملىدىن ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئاتا - ئانىلىرى غىياسىددىن كىچىككىنە ئائىلىسىدىكى بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. نەۋائىينىڭ ئانىسى كابۇلنىڭ ئەمىرزادىلىرى شەيخ ئەبۇسەئىد چەڭگىنىڭ قىزى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نەۋائىي ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تېمۇرىيلەر خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاكىبىزى،
ئانام ھەم سەرا بوستان كەنىزى.

ئەلىشىرنىڭ ئائىلىدە نەچچىنچى پەرزەنت ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇ ئۆز يازمىلىرىدا ئاكىسىنىڭ بارلىقى ھەمدە دەرۋىش ئەلى ئىسىملىك ئۇكىسىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

ياش ئەلىشىر بالىلىقىدىن باشلاپلا چېچەن، زېھنى ئۆتكۈر چوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشى ئۈچ - تۆت يېشىدىن باشلاپلا باشلانغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىقى ھەققىدە ئەسلەپ، ئۈچ - تۆت ياش چاغلىرىدا ئاتىسىنىڭ شائىر

دوستلىرىغا ئەمىر قاسىم ئەنۋەرنىڭ بىر مىسرا پارسچە شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەلىشىرنىڭ بالا چاغلىرىدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىشى ئۇنىڭ ئائىلىۋى مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ـــ «كىچىككىنە باخشى» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ زات ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى، بىلىملىكى ۋە ئەدەبىي يىغىلىشلارغا بولغان قىزغىن ئىشتىراكى بىلەن ھەممىگە تونۇلغانىدى. بۇ ئائىلىدە پات ـ پاتلا ئەدەبىي مەجلىسلەر، شېئىر ـ غەزەلخانلىق پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇراتتى. ھىراتتىكى يۇقىرى قاتلام ئەدىبلىرى غىياسىدىننىڭ خانىدانىدا دائىم شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قىزغىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىشىرنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرىدىن مىرسەئىد كابۇلى بىلەن مۇھەممەد ئەلى غەرىبىيلەر ئۆز دەۋرىدىكى تونۇلغان شائىرلار بولۇپ، ئۇلار تۈركىي شېئىرىيىتىدىن باشقا مۇزىكا ۋە خەتتاتلىق جەھەتتىمۇ خېلىلا يېتىلگەنىدى. بۇ ھال ياش ئەلىشىرنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە ۋە كېيىنكى ھايات مۇساپىسىگە كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

ئەلىشىرنىڭ ئالاھىدە تالانتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى كىچىكلا مەكتەپكە بېرىشتى. ئۇ تېمۇرىي شاھزادىلىرىدىن ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ساۋاق ئالدى ھەمدە ئالاھىدە مۇھىتتا تەربىيىلەندى. خۇددى تارىخچى خاندەمىرنىڭ يازغىنىدەك، ئەلىشىر «...ئاز ۋاقىت ئىچىدە قۇرداش ۋە شېرىكلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. نازۇك تەبىئىتىنىڭ ساپلىقى ۋە ساغلاملىقى ئالەمگە يېيىلىدۇ. مۇبارەك پىكرىنىڭ دادىللىقى ھەققىدە سۆزلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ.»

مىلادىيە 1447 ـ يىلى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئولۇسىدا

كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالدى. پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئۇنىڭ مەركىزى بولغان ھىرات شەھىرى جەڭگى - جېدەل ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. خەلق جان قايغۇسى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ پاناھ جاي ئىزدەپ غەرب تەرەپتىكى ئەللەرگە يول ئالدى. ئۇلارنىڭ كارۋىنى ئىراقنىڭ تەفت دېگەن بازىرىغا كەلگەندە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختايدۇ. بۇ يەردە ياش ئەلىشىر تاسادىپىيلا ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك تارىخچىسى، مەشھۇر ئەسەر «زەپەرنامە»نىڭ مۇئەللىپى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ.

1452 - يىلى خۇراساندا بولۇۋاتقان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەختكە ئىگە بولۇشى بىلەن ۋاقتىنچە توختايدۇ. ھىرات شەھىرىنىڭ تىنچسىز ۋەزىيىتى بىر ئىزغا چۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن خەلق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ بىرقانچە يىللىق دىشۋارچىلىقتىن كېيىن، يۇرت مېھرىنى سېغىنىپ ۋەتىنىگە قايتىدۇ.

ئۇلار ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غىياسىددىن كىچىككىنە ئەبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىغا خىزمەتكە چۈشتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا سەبزىۋارغا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. مانا مۇشۇ يىللاردا ياش ئەلىشىر ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەكتەپ ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ قايناق ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇدى، ئۆگەندى. شەرق كلاسسىك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇردانە پىكىرلىرى بىلەن گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرىنى بالىلىق قەلبىگە تاڭدى. شەيخ سەئدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق دىداكتىك ئەسەرلىرى بىلەن فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق داستانىنى بېرىلىپ ئوقۇدى. پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ

دېھلىۋى قاتارلىقلارنىڭ شۆھرەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇردى. بۇ ھال ياش ئەلىشىرنىڭ كەلگۈسىدىكى بەدىئىي ئىستېداتى ۋە شېئىرىي كامالىتى ئۈچۈن مۇھىم جۇغلانما بولۇپ قالدى.

ياش ئەلىشىر بالىلىق ھاياتى تېخى ئاخىرلاشمايلا ھاياتىنىڭ رەھىمسىز پەسىللىرىنى كۆتۈۋالدى. ئۇ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى غىياسىددىن كىچىككىنە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ياش ئەلىشىر ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىرلىكتە خۇراسان پادىشاھى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىردى.

بۇ دەۋرلەردە پۈتكۈل خۇراسان دۆلىتى، جۈملىدىن مەركىزىي شەھەر ھىرات ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىن بۇيان شەكىللەنگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، بىر مەزگىللىك نىسبىي تىنچلىق ھىراتتا يېڭىچە كەيپىيات ھاسىل قىلدى. ئەلىشىر ئۆزىنىڭ بۇ نەۋقىران مەزگىللىرىنى ئىشلەش، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تەدرىجىي بىلىم جۇغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىي شېئىرىيەتنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ھەمدە مىللىي تىلغا بولغان ئاڭ - غۇرۇرىنى كۈنسېرى ئۆستۈرۈپ باردى.

ئۇ 15 ياشتىن ھالقىپ، يىگىتلىك مەزگىلىگە قەدەم قويغىنىدا، ئىككى تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان، بىر قىسىم شېئىرلىرى شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇ بۇ جەرياندا تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىغا «نەۋائىي»، پارس تىلىدا يازغان شېئىرىغا «فانىي» تەخەللۇسىنى قوللاندى ھەمدە ئەل ئىچىدە «زۇللىسانەيىن» (قوش تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغۇچى) دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا



www.uyghurkitap.com

باشلىدى.
شۇ يىللاردا ئەلىشىر لۇتفى، سەككاكى قاتارلىق «تۈركىگۈي» شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ شۇ يىللاردا كاتتا شائىر سەئىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ نەۋائىيغا بولغان تەسىرى خېلىلا زور بولدى. ئۇ نەۋائىينىڭ تۇرمۇشىغا ئاتا ئورنىدا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى يېتىلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى.
1456 - يىلى كۈزدە ئەبۇلقاسىم بابۇر ئۆز قارارگاھىنى مەشھەدكە يۆتكىدى. نەۋائىي بىلەن ھۇسەين بايقارامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەشھەدكە بىللە باردى. 1457 - يىلىنىڭ بېشىدا خۇراسان پادىشاھى ئەبۇلقاسىم بابۇر ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇراساندا بىر مەھەل تىنچىپ قالغان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى قايتىدىن ئەۋج ئالىدۇ. نەۋائىينىڭ دوستى ھۇسەين بايقارامۇ تېمۇرىي شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ ھەمدە خۇراسان تەختى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان جاپالىق سىياسىي ھاياتىنى باشلايدۇ.
مۇشۇ مەزگىلدە نەۋائىي مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئەلىشىر تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەتكە، ئىنتىلىش ۋە ياشلىق ھېسسىياتلىرىغا تولغان يىگىتلىك دەۋرىنى باشلىدى. ئۇ مەشھەدتىكى كۈنلىرىنى ئۆزى يالغۇز مۇستەقىل ھالدا ئۆتكۈزدى. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇدى. ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ گۈل تاجى بولغان تەسەۋۋۇپ چەشمىلىرى بىلەن قەلب دۇنياسىنى سۇغاردى. مۇشائىرە ۋە غەزەلخانلىق مەجلىسلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەلگۈسىدىكى ئاجايىپ يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بەدىئىي جۇغلانما توپلىدى.

مەشھەدتىكى كۈنلەر تەنھالىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىينىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۇ يەردە ياش نەۋائىي ئاتا ـ ئانىسىز، ھامىيسىز ۋە يېگانە ھالدا كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ مەدرىسە ۋە خانىقالارنىڭ زەي، قاراڭغۇ ياتاقلىرىدا سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. يۇلتۇزلۇق تۈنلەردە تۈڭلۈكتىن ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيال سۈرەتتى. كۆڭلىدە ئاللىكىملەر بىلەن مۇڭدىشاتتى. ياش شائىرنىڭ قەلبى ئىزگۇ خىياللار ئىلكىدە ئۆركەشلەيتتى، ئوي ـ پىكىرلىرى قانات قاقاتتى. ھېس ـ ھاياجىنى داۋالغۇيتتى... ياش ئەلىشىرنىڭ ھاياتى رېئال دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا خىيال ئالىمىنىڭ پەرۋازىدا كۆپرەك جەۋلان قىلاتتى.

1464 ـ يىلى خۇراساندىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى مىرزا ئەبۇسەئىدنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ تېمۇرىيلەر نەسلىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن خۇراسان تەختىگە ئولتۇردى ۋە پايتەختنى سەمەرقەنتتىن ھىراتقا يۆتكەپ كەلدى. نەۋائىيمۇ دەل شۇ يىلى مەشھەدتىن ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. لېكىن، نەۋائىي شۇ يىللاردا خېلىلا تونۇلۇپ قالغان شائىر بولۇشىغا قارىماي، ئانا شەھىرى ھىراتتىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىدى. مىرزا ئەبۇسەئىد نەۋائىينىڭ ھىراتتا ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغانىدى، شۇنداقلا نەۋائىيغا نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانىدى. ئەبۇسەئىدنىڭ نەۋائىينى چەتكە قېقىشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلىرى بار ئىدى. نەۋائىينىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ تېمۇرىيلەر جەمەتىدىكى پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تېمۇرىيلەر ئوردىلىرىدا مەنسەپ تۇتۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، تېمۇرىيلەر شاھزادىلىرىگە قاتتىق

ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئەبۇسەئىد نەۋائىينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىينىڭ ئەبۇسەئىدنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھۈسەين بايقارا بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق، يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئۇنى تېخىمۇ شۈبھىلەندۈرەتتى.

شۇ ۋەجىدىن نەۋائىي سوغۇق سىياسىي كەيپىياتنىڭ بېسىمى ئىچىدە ياشىدى، شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە تونۇلغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوردىنىڭ ھامىيلىقىدا ياشايتتى ۋە ئۆز ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇراتتى. ئەمما، نەۋائىي بۇنداق ئىمتىيازلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە ئىجادىيەت بالاغىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە ھىراتتىكى مەشھۇر ئەرباب، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئۇچرىشىش نەۋائىينىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ئوتتۇرىسىدىكى ئۆمۈرلۈك دوستلۇق ۋە ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋەت رەسمىي باشلاندى.

نەۋائىي ھىراتتا ئىككى يىلغا يېقىن غۇربەتچىلىك ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ 1466 - يىلىغا كەلگەندە، سەمەرقەنتكە بېرىش قارارىغا كەلدى. نەۋائىينىڭ ھىراتتىن كېتىشىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە سەمەرقەنتكە بېرىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەبۇسەئىدنىڭ سىياسىي بېسىمىدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇش نەۋائىينىڭ تۈپ خىيالى ئىدى. خاندەمىر بۇ ھەقتە توختىلىپ «...سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە سەمەرقەنتكە بېرىپ، ئۇ جاناب (خوجا فەزلۇللا ئەبۇللەيس)نىڭ خانىقاھىدىن ھۇجرا ئالدى.

بىرقانچە ۋاقىت تېگىشلىك ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشتى»
دەپ يازىدۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە»
ناملىق ئەسىرىدە «سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۇنى (نەۋائىينى
دېمەكچى) نېمە گۇناھ بىلەن ھىراتتىن سۈرگۈن قىلغانلىقىنى
بىلمەيمەن. سەمەرقەنتكە باردى. ئۇ يەردە تۇرغان بىر نەچچە يىل
ئىچىدە ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا ھامىي ۋە مۇرەببى بولدى...»
دەپ يازىدۇ. نەۋائىينىڭ ئۆزىمۇ «خەمسە»نىڭ بىرىنچى داستانى
«ھەيراتۇل ئەبرار»دا ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ھىراتتىن چىقىپ
كەتكەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ:

زۇلمى تۇرۇر ئۇشبۇكى بىر ناتەۋان،
ئىلىم تىلەپ شەھىرىدىن ئولغاي راۋان.
ئەينى فەلاكەتتىن ئاياغى يالاڭ،
تونى يوقىدىن تېنى داغى يالاڭ.
ئەگىدە ئەۋراقى كىتابى ئانىڭ،
قىلغالى تەھسىل شىتابى ئانىڭ.
ئاچ ئېتىبان قارنىنى موھتاجلىق،
تۇئەگە موھتاج ئېتىبان ئاچلىق.
ھەرنە ئېتىپ، قانئى ئولۇپ يول يۈرۈپ،
تا ئۆزىن ئۆز مەقسەدىگە يەتكۈزۈپ.

دەرۋەقە، نەۋائىي سەمەرقەنتكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە
غۇربەتچىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈردى. ئەمما، شائىر بۇ مەدەنىي
شەھەرنىڭ قويۇق ئىلمىي مۇھىتىدا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇدى.
مەدرىسىلەرگە قاتناپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. كۆپلىگەن
ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەرخىل ئىلىملاردىن
خەۋەردار بولدى ھەمدە ئۆزىمۇ شېئىرىي ئىجادىيەتتە خېلىلا



www.uyghurkitap.com

يېتىلىپ قالدى. نەۋائىينىڭ كۆندىن ـ كۈنگە يېتىلىۋاتقان ئىستېداتى سەمەرقەنت ھاكىمى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ نەۋائىينى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

مۇشۇ يىللاردىكى سەمەرقەنت شەھىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇلۇغبەگ زامانىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق ئىلمىي مۇھىتىنى مەلۇم جەھەتلەردىن ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. نەۋائىي بۇ يەردە ھەر جاي، ھەر يەرلەردىن كەلگەن ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىللە مەشھۇر ئالىم خوجا فەزلۇللا ئەبۇلليەسىددىن «فىقھ» (قانۇن) ئىلمىدىن دەرس ئاڭلىدى. سەمەرقەنت مەدرىسىلىرىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئەدەبىي مەجلىسلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتابلارنى تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ باردى. ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ۋە زاماندىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئالدى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ھاياتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يىگىتلىك دەۋرلىرىمدە ماھارەتلىك پارسگۇي شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى يادلاپ، ئۇلاردىكى زوق ۋە خۇشاللىقلار بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغان، مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن.»

ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەنتتىكى ھاياتىدا، ئىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە ئاجايىپ مول مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈردى. ياش شائىر ئىجاد ۋە ئۆگىنىش قايىنىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنى كۆزەتتى. بۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ

شانلىق ئۆتمۈشىگە نەزەر تاشلىدى. سەمەرقەنتنىڭ ھەيۋەتلىك
سېپىل ـ قەلئەلىرىگە تويماي باقتى، ئارقا كوچىلاردىكى ھۈنەرۋەن
ـ كاسىپلار، مازار ـ ماشايىخلاردىكى دەرۋىش ـ سوپىلار شۇنىڭدەك
ئىلىم ساھەسىدىكى ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. پۈتكۈل
خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي
ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزەتتى. قىسقىسى، سەمەرقەنت دەۋرى
نەۋائىي ھاياتىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قاينىمىغا چۆمۈلگەن،
گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىلىرى ئىلىملىرى بىلەن تولغان،
تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر كەپتىرىنىڭ قانىتى يېشىلگەن مۇھىم بىر
دەۋر بولدى. نەۋائىي سەمەرقەنتتىكى ئاشۇ كۈنلىرىنى ئۆمۈر بويى
ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ھېسسىياتى،
روھىي كەچۈرمىشلىرى ۋە ئوي ـ خىياللىرىنى «سەئىد ھەسەن
ئەردەشىرگە يېزىلغان مەكتۇب» تا تەپسىلىي بايان قىلدى.
1468 ـ يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد زور قوشۇن باشلاپ
ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇشقا
ئاتلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئەزەربەيجاندا
ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھۈسەيىن بايقارا
ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ توسالغۇسىز ھالدا ھىراتقا كىرىپ تەختنى
ئىگىلەيدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ھىرات ۋە خۇراسان ئېلىدە
تەرتىپ ئورنىتىدۇ. ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىرات تەختىگە ئولتۇرۇشى
خۇراساندا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.
ياش نەۋائىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇ ـ
ئارمانلىرىنىڭ ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، خۇراسان خەلقىنىڭ
تىنچ ـ ئاسايىشلىققا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇشال بولدى. شائىر
قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ھىراتقا قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا
كىرىشتى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ،
ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاچ، سەمەرقەنتكە مەخسۇس مەكتۇپ
يوللاپ، نەۋائىينى ھىراتقا چاقىرتتى.

نەۋائىي قەلبىگە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنى پۈكۈپ ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى سەرسان - سەرگەردانلىق، غېرىب - غۇربەتلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. سۇلتان ھۆسەين بايقارا نەۋائىيغا زور ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ئۇنى تامغىدارلىققا تەيىنلىدى.

سۇلتان ھۆسەين بايقارا تەختكە چىقىپ بىر يىل بولار - بولمايلا يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. 1470 - يىل 5 - ئايدا نەۋائىي سۇلتانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى ئىشغال قىلغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ھۆسەين بايقارانى چوڭ بىر خەۋپتىن خالاس قىلىدۇ. بۇ ئىش ھۆسەين بايقارانىڭ نەۋائىيغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

1472 - يىل 2 - ئاي (ھىجرىيە 876 - يىلى شەئبان ئېيى)دا ھۆسەين بايقارا نەۋائىينى دىۋان بېگى مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمىرى كەبىر ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. گەرچە نەۋائىيغا بېرىلگەن مەنسەپ ئەڭ ئالىي ئورۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى بىلەن سۇلتاندىن قالسىلا ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىناتتى.

نەۋائىي زامانداشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، بۇ دەۋردە ئۇ كاتتا يۈز - ئابرۇيغا ۋە چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئارىلىشاتتى ھەمدە مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشاتتى. بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىگە زور توسالغۇ بولۇپ قالدى. باش - ئاخىرى تۈگىمەيدىغان دۆلەت ئىشلىرى نەۋائىينىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ۋاقتىنى خورىتىپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا نەۋائىي ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كىم بار ئىدى باشىما كۆپ مېھنەتتىم،
يوق ئىدى باش قاشىغالى فۇرسەتىم.

دەپ شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ھەر كېچىسى قىرىق ـ ئەللىك بېيىتتىن يېزىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەۋائىي ئۆز ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
بۇنىڭدىن باشقا نەۋائىي يەنە مۇشۇ مەزگىللەردە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. نەۋائىي ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلدى ھەمدە كاتتا مۈلۈك ئىگىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ مۆھۈردار ۋە دىۋان بېگىلىك مەنسىپىگە قوشۇپ كاتتا يەر ۋە بىرمۇنچە قىشلاقلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. نەۋائىي پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىسى ۋە ئەمىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەرلەردىن كېلىدىغان دارامىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەملىكەتنىڭ روناق تېپىشىغا، خەير ـ ساخاۋەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا، ھىرات شەھىرىدىكى كاتتا بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىغا شۇنىڭدەك ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە سەرپ قىلاتتى.
بۇ يىللاردا نەۋائىينىڭ زور تىرىشچانلىقى ئاستىدا ھىرات شەھىرى پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىسلام شەرقىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. نەۋائىي ئۆز مەبلىغى بىلەن

سالدۇرغان «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ھىراتتىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ قالدى. نەۋائىي بۇ مەدرىسىگە ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىمالارنى مۇدەررىسلىككە تەيىنلىدى. بۇ مەدرىسىنىڭ جەنۇبىغا «خەلاسىيە» نامى بىلەن كاتتا خانىقا سالدۇردى. مەدرىسىنىڭ غەربىدە «شىفائىيە» ناملىق بىنا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا مەشھۇر تېۋىپلارنى توپلىدى. مەدرىسىنىڭ غەربىدە يەنە كاتتا مەسچىت جامە، مەسچىت قېشىدا بىر ھەيۋەتلىك گۇمبەز بىنا قىلدۇردى. نەۋائىي يەنە ئۆز ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنى توپلاپ، ئۇلارغا ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. نەۋائىينىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا 70 تىن ئارتۇق خەتتات، كاتىپ، نەققاش قاتارلىق كىشىلەر خەت كۆچۈرۈش، كىتابلارنى زىننەتلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىخلاسىيە مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان 2000 غا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى نەۋائىي ئۆزىنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكىدىن چىقىم قىلاتتى. قىسقىسى، ھىراتنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن قويۇق مەدەنىي مۇھىتى ۋە گۈزەل قىياپىتىنى ئەلىشىر نەۋائىيسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، نەۋائىي خەلق ئارىسىدا بىر مەشھۇر شائىرلا ئەمەس، بەلكى بۈيۈك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، «بۈيۈك ئەمىر» (ئەمىر كەبىر)، «ئەمىر رەۋشەن زەمىر» ناملىرى بىلەن يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

ئەپسۇسكى، نەۋائىينىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان شان ـ شۆھرىتى ۋە سۇلتان بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى نەۋائىينىڭ دۈشمەنلىرىنى بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى نىزامۇلمۈلك، مەجدىددىن قاتارلىق ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ تەشكىللەپ، نەۋائىي ئۈستىدىن سۇلتانغا يىتنە ـ پاسات ۋە تۆھمەت تارقاتتى ھەمدە

نەۋائىينى ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. كۈن بويى ئەيش - ئىشرەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن ھۆسەيىن بايقارا ئۆز ئەتراپىدىكى پىتنىخور ۋەزىرلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ، نەۋائىيغا نىسبەتەن سوغۇق ۋە گۇمانىي مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن 1476 - يىلىغا كەلگەندە نەۋائىي سۇلتانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى مەنسەپلىرىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئۇنىڭ ھەجگە بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. نەۋائىي يەنە سۇلتانغا ئىلتىماس سۇنۇپ ھىرات شەھىرىنىڭ چېتىدىكى گوزۇرگاھ دېگەن جاينى ئۆز ئىختىيارىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. سۇلتان نەۋائىينىڭ بۇ ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ نەۋائىي بۇ جاينى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن ئاممىۋى ئەسلىھەلەر — مېھمانساراي، ھاممام، شىپاخانىلارنى سالدۇرىدۇ.

نەۋائىي دۆلەت ئىشلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىن پۈتكۈل زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە قارىتىدۇ. بۇ ۋاقىتلىرىدا جامائەتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە ۋە خەلق پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. نەۋائىي گەرچە ئوردىدىكى مەمۇرىي ھوقۇقلىرىدىن ئىستېپا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى سۈپىتىدە ھىراتتىكى نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇپ قالىۋەردى.

مۇشۇ مەزگىللەردە ھىراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرباب ئابدۇراھمان جامى ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاي - جايلاردىن كەلگەن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى تالىپلار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلانغانىدى. نەۋائىي بۇرۇندىن تارتىپلا جامىنى ئۆزىنىڭ پىرئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى. مۇشۇ

يىللاردا نەۋائىي بىلەن جامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ھەمكارلىق يەنىمۇ كۈچىيىپ باردى. نەۋائىي پات ـ پاتلا جامىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. ئۆزى يازغان ۋە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە جامى بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. نەۋائىي بىلەن جامى ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق ۋە ئىلمىي ھەمكارلىق 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كاتتا رول ئوينىدى. بۇ مەزگىللەردە كۆپلىگەن شائىرلار، ئەدىبلەر، ھەكىملەر، تارىخچىلار، مۇزىكانتلار ۋە رەسساملار بۇ ئىككى زاتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھىراتتىكى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي كەيپىياتنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا، بابۇر مۇشۇ دەۋردىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئەھلى فەزل ۋە بىنەزىر ئەلدىن خوراسان، بەتەخسىس ھىرى شەھرى مەملۇ ئىدى. ھەر كىشىنىڭكىم بىر ئىشقا مەشغۇللۇقى بار ئىدى. ھىممەتى ۋە غەرزى ئۇل ئەردىكىم، ئۇل ئىشنى كامالغا يەتكۈزگەي.»

نەۋائىي پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. شۇ كەمگىچە يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنۇل مەئانى» نامى بىلەن چوڭ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ توپلام كېيىنچە ئەل ئىچىدە «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتالدى. 1483 ـ يىلىغا كەلگەندە شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بۈيۈك ئەسەر «خەمسە»نى يېزىشقا رەسمىي تۇتۇش قىلدى. جامى نەۋائىينىڭ تۈركىي تىلى بىلەن «خەمسە» ياراتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇدى. شائىر ئىجاد دېڭىزىغا چۆمۈلدى. قەلبى سەنئەت يۈكسەكلىكىنىڭ ئەۋجىدە ئۆركەشلىدى. پەي قەلەمنىڭ ئۇچىدىن ئاپئاق خوتەن قەغىزىگە دۇردانە پىكىرلەر تۆكۈلدى... خاندەمىر نەۋائىي ھەققىدە

مۇنداق دەپ يازدى: «دائىملىق ئادەتتىكى بويىچە سۆزلەرنى تۈزىتىش ۋە مەنىلىرىنى تەكشۈرۈش، دەلىللەرنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش ۋە مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش، ئىلىم سىرلىرىنى ئېچىش ۋە ئەقلىي پەنلەرنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى تېپىشقا سەرپ قىلدى.»

نەۋائىي ھاياتىغا دائىر تەتقىقاتلاردا ھازىرغا قەدەر بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقىنى — دەل نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىدۇر. شائىر نېمە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئائىلە بەختىدىن بەھرىمەن بولالمىدى، شەرق رىۋايەتلىرىدىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ يۈرەكىنى لەختە - لەختە قىلىدىغان مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە ئۆلمەس داستانلارنى ياراتقان نەۋائىي نېمىشقا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىنى سىر ھالىتىدە قالدۇردى؟... شائىر كىمنى سۆيگەن، شائىرنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلغان جانان قىزنىڭ ئىسمى - شەرىپى نېمىشقا ھېچبىر مەنبەدە ئۇچرىمايدۇ!؟

بابۇر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «... (نەۋائىي) پەرزەنتسىز، ئايالسىز، بۇ ئالەمدىن يالغۇز - يېگانە ئۆتتى» دەپ يازىدۇ. ئەمما، نەۋائىينىڭ كىمنى سۆيگەنلىكى ھەمدە نېمە ئۈچۈن ئائىلە قۇرمىغانلىقى ھەققىدە مەنبەلەردە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىينىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى نازۇكلۇق ۋە ئىچمايىل پىسخىكا ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سۆز ئېچىشقا يول قويمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا، بابۇر يەنە «ئەلىشىر بەگ نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلەتنىڭ غۇرۇرىدىن بولغان دەپ بىلىشەتتى. لېكىن، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى ئىكەن» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

نەۋائىينىڭ ئۆزى بۇ ھەقتە ھېچبىر ئەسىرىدە ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ. بەلكى، بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم

مىسىرالىرىدا ئاز ـ تولا يوشۇرۇن ئىشارەتلەر بېرىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا، نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل شۇغۇللانغان بەزى ئالىملار نەۋائىينىڭ مۇھەببەت تارىخى ئېھتىمال بىرەر پاجىئە بىلەن باغلانسا كېرەك دەپ قارايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن تۈركمەنلەر، تاجىكلار، ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان نەۋائىي بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن رىۋايەتلەرمۇ يۇقىرىقى پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

... سۇلتان ھۈسەين بايقارانىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ئەلىشىر بىر كۈنى باغقا كېتىۋېتىپ تاسادىپىيلا بىر ئۆينىڭ ھويلىسىدا تۇرغان گۈزەل قىز ــــ گۈلنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. گۈلمۇ بۇ ياش ۋەزىرنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئەلىشىربەگ قىزنىڭ ئاتىسىدىن نىكاھقا رازىلىق ئالىدۇ. ئەتىسى سۇلتان ۋەزىرى ئەلىشىرنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىدۇ. گۈل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغۇسى ئېرى ئەلىشىرنى كۆرۈش ئۈچۈن باغنىڭ تېمىدىن يولغا قارايدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇلتان ھۈسەين بايقارا قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. ئەلىشىر قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆز سۆيگۈسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە قىزنىڭ ئۆيىگە سۇلتانىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ بارىدۇ. قىز زار ـ زار يىغلاپ بىر شەرت بىلەن رازى بولىدۇ. يەنى ئىككى خىل دورا كەلتۈرۈپ، بىرىنى ئۆزى ئىچىدۇ، يەنە بىرىنى ئەلىشىر بەگكە ئىچۈرىدۇ. بۇ دورا قىرىق كۈندىن كېيىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، گۈلنىڭ جېنىنى، ئەلىشىرنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلاتتى. گۈل ئۆلۈمگە بەش كۈن قالغاندا ئەلىشىرنى سارايغا چاقىرتىدۇ. دەل شۇ چاغدا سۇلتان شىكاردىن قايتىپ كېلىپ گۈلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەلىشىر بۇنىڭدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قالىدۇ. قىرىق كۈن بولغاندا گۈل ئۆلىدۇ.

ئۇردا ئەھلى بۇ مۇسەبەتنى سۇلتان ھۇسەيىنگە: «سەرۋىنىڭ سايىسىدە سولدى گۈل نە قىلماق كېرەك؟» دەيدۇ. سۇلتان بۇنىڭغا جاۋابەن: «سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن كېيىن ئەتمەك كېرەك» دەيدۇ. ئۇلار قىزنى كۆز يېشى تۆكۈپ دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىي ئۆمۈر بويى توي قىلمايدۇ. پەرزەنت يۈزىمۇ كۆرەلمەيدۇ ...

نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىگە دائىر بۇ تەسىرلىك رىۋايەت خەلق ئارىسىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم قوليازمىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ نەۋائىي ھاياتىدىكى رېئال كەچۈرمىشلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە جىپسىلىشىدىغانلىقى ھەققىدە نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىدە ھازىرغىچە ئېنىق يەكۈن يوق.

نەۋائىينىڭ زاماندىشى ۋاسىفى (1485 — 1551) بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئەلىشىر ئۆيلەنمىگەنىدى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى زاماننىڭ ھەممە كىشىلىرىنى قىزىقتۇرار ئىدى. سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئەلىشىرنىڭ ئۆيلەنمەسلىكىدىن سەۋەب — ئۇنىڭ ‹ئېتىكى پاكلىقى› ۋە نەپسانە شەھۋانە مەيلى يوقلۇقى، يەنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ناھايىتى يۈكسەكلىكى، ئىلىم - پەن ۋە شېئىرىيەتكە بېرىلگەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايتتى. سۇلتاننىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى خەدىچە بېگىم بولسا بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقا تەرەپتىن چۈشىنەتتى. ھەقىقەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن خەدىچە بېگىم ئۆزىنىڭ ناھايىتى گۈزەل كېنىزەكلىرىدىن دۆلەتبەختنى ئەلىشىرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. ياش كېنىزەك تۈرلۈك باھانىلەر كۆرسىتىپ ئەلىشىرنىڭ ئۆيىدە تۈنەپ قالىدۇ. كېچىدە قىز ئەلىشىرنىڭ قويىنىغا كىرىدۇ... دۆلەتبەخت ئەتىسى خەدىچە بېگىمنىڭ ئالدىغا خۇشال قايتىپ، پۈتۈن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ پىكرى توغرا بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە بېگىمنىڭ ئەلىشىرگە بولغان ھۆرمىتى ئاۋۋالقىدىن يۈز مەرتىۋە ئاشىدۇ.»

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى ئىنچىكە تەرەپلەر، جۇملىدىن شائىرنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىدىكى بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىدىغان مۇڭ ـ زار بىزگە ئۇنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىدىن دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. نەۋائىينىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلەر ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى سىرلار كەلگۈسىدە نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما سۈپىتىدە داۋاملىق تەتقىق قىلىنىغۇسى.

نەۋائىي سۇلتان ھۇسەين ئوردىسىدىكى مەمۇرىي ۋەزىپىلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىللاردا كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە قاراتتى. ئەسەرلىرىنى توپلاپ، قايتا رەتلەپ، دىۋانلار تۈزدى. ئەمما، ئۇ سۇلتان ھۇسەين ھاكىمىيىتىنىڭ كۈنسېرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ۋەقەلەرگە، ئاۋام خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى يۇكسەك ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە مەجبۇرىيەتتىن قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك سىياسەتلىرىگە چەك قويدى.

ئەپسۇسكى، نەۋائىينىڭ سۇلتان ھۇسەيندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى بارغانسېرى جاۋابسىز قالدى. خۇددى بابۇر ئېيتقاندەك، سۇلتان ھۇسەين «خۇراساندا قىرىق يىلغا يېقىن پادىشاھ بولۇپ، پېشىندىن كېيىن ئىچمىگەن كۈنى يوق ئىدى... ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت ۋە پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى...» كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. ئۆز ئەتراپىدىكى ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ نەۋائىينى بارغانسېرى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. 1487 ـ

يىلى سۇلتان ھۈسەين نەۋائىينى ھىراتتىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭ يىراق ئاستىرابادقا ھاكىملىق مەنسىپى بىلەن بېرىشىنى پەرمان قىلدى. نەۋائىي مەجبۇرىي ھالدا ھىراتتىن ئايرىلدى. ئۇ ئاستىرابادقا بارغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىش، مەدەنىي كەيپىياتنى كۆچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرمۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، كېچىلىرى ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما، شائىرنىڭ پۈتكۈل دىققىتى يەنىلا پايتەختت ھىراتنىڭ ئەھۋالىدا ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1488 - يىلى نەۋائىي پايتەختكە قايتىدۇ ۋە سۇلتان ھۈسەيندىن ھىراتتا قېپقىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، ھۈسەين بايقارا يەنىلا نەۋائىينىڭ ئاستىرابادقا قايتىشىنى بۇيرۇيدۇ.

نەۋائىي ئامالسىز يەنە ئاستىرابادقا قايتىدۇ. ئۇ سۇلتاننىڭ ئوردىدىكى پىتنە - پاساتچىلارنىڭ تەسىرىدە ئاينىپ كەتكەنلىكىنى، ھاكىمىيەت ئۇلىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي نەۋائىينىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۇيىقەستى پاش بولىدۇ. سۇلتان ھۈسەين دەرھال نەۋائىيغا مەكتۇپ يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە نەۋائىينىڭ ھىراتقا قايتىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نەۋائىي ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ھېچقانداق سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئوردىدىن يىراقتا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھۈسەين بايقارا ئۇنىڭغا «مۇقەررەبى ھەزرەتى سۇلتانى»، يەنى «ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنى» دېگەن نامنى بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، بابۇرمۇ ئەلىشىربەگ سۇلتان ھۈسەيننىڭ «بېگى ئەمەس، دوستى ئىدى» دەپ يازغانىدى.

شۇ يىلى نەۋائىينىڭ بەلختە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى دەرۋىش ئەلى ئوردىدىكى مەجىدىددىننىڭ رەزىل

قىلمىشلىرىغا چىدىماي ئىسيان كۆتۈردى. مەجدىددىن سۇلتان ھۈسەيىنگە بۇ ۋەقەدە ئەلىشىر بەگنىڭ قولى بار دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. نەۋائىي بۇ تۆھمەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە بەلخقە بېرىپ ئىسياننى تىنچىتىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھۈسەين بايقارانىڭ ھاكىمىيىتى قاتتىق كرىزىس ئىچىدە قالىدۇ. شاھزادىلەر تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىپ تەرەپ - تەرەپتىن ئىسيان قوزغايدۇ. بولۇپمۇ سۇلتان ھۈسەين بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەدىئۈززامان مىرزا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نىزا ۋە جەڭگى - جېدەللەر ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. نەۋائىي ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى تىغ كۆرۈشىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن چوڭ نەتىجە چىقمايدۇ. سۇلتاننىڭ ئامراق خوتۇنى خەدىچە بېگىم باش ۋەزىر نىزامۇلمۇلك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئوغلى مۇزەپپەر ھۈسەيىننى تەخت ۋارىسى قىلىشقا كۈچەيدۇ. ئۇلار سۇلتان ھۈسەين بايقارانىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ، بەدىئۈززامان مىرزىنىڭ ئوغلى، سۇلتاننىڭ ئامراق نەۋرىسى — مۆمىن مىرزىنى قەتل قىلىشقا قول قويدۇرۇۋالىدۇ. سۇلتان مەستلىكىدىن يېشىلگەندە بۇ پەرماننى قايتۇرۇۋېلىشقا كېچىكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

نەۋائىي كۆز ئالدىدىكى بۇ پاجىئەلەردىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. سۇلتان ھۈسەين بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1492 - يىلى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭغا كۈچلۈك زەربە بولىدۇ. نەۋائىي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىزلىك ۋە پەرزەنتسىزلىك ئازابى شائىرنىڭ غېرىب ۋە مىسكىن كۆڭلىنى تېخىمۇ قىينايدۇ. نەۋائىي زامانداشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، شائىرنىڭ ئاخىرقى يىللاردا مىجەزىنىڭ تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

نازۇكلىشىپ، بىر ئىشلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان ھەتتا ئەسەبىيلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. ئەمما، نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى قىيىن مەزگىللىرىدىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويمىدى. «لىسسانۇتتەير»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، «تارىخي مۇلكى ئەجەم»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى شۇ يىللاردا يېزىپ تۈگەتتى.

مىلادىيە 1500 - يىلى يازدا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئاستراباداتا ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەيىنگە قارشى قوشۇن تارتىدۇ. نەۋائىي ھىراتتا قالىدۇ. سۇلتاننىڭ بۇ يۈرۈشى شۇ يىلى دېكابىردا ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلگەن سۈلھى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سۇلتان ھۇسەيىن پايتەختكە قايتىدۇ. نەۋائىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر توپ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىدۇ. يىراقتىن داقا - دۇمباقلار ساداسى ياڭراپ سۇلتاننىڭ مەپىسى كۆرۈنۈشى بىلەن بىلەن نەۋائىي ئالدىراش ئاتتىن چۈشىدۇ - دە، بېشىنىڭ قېيىپ، پۇت - قوللىرىدا ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شائىر ئالدىغا بىرقانچە قەدەم ماڭمايلا يەرگە يىقىلىدۇ. شۇ يىقىلغىنىچە قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ. كېسەل سەكتىگە ئايلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ دەل ھىجرىيە 906 - يىل 12 - جامادىيەلئاخىر، يەنى مىلادىيە بويىچە 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھىرات شەھىرى ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى.

پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىلدى!

نەۋائىينىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان تارىخچى خاندەمىر قاتتىق قايغۇ ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «... مەھشەر كۈنى غوۋغاسى پۈتۈن يەر يۈزىنى چۇلغىدى، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا - زارىسى، كاتتىۋۇ كىچىكلەرنىڭ پەريادۇفىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەۋجىدىنمۇ

ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خانىدانىنىڭ بەزى ئەزالىرى تۇشمۇتۇشتىن يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈپ يىغىغا چۈشتى. پەيغەمبەر سۈننىتىگە مۇۋاپىق مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش مۇراسىملىرىنى ئادا قىلىشتى. جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ جەۋھىرى شاھۇ گەداغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى. بەلكى رۇھۇ رەيھان بۇلۇتلىرى ئۆز تامچىلىرىنى ئۇنىڭ تاۋۇتى ئۈستىگە تۆكتى. ھىرات ھېيتگاھىدا نامىزى چۈشۈرۈلدى. كېيىن ئەلىشىرنىڭ ئۆزى سالغان مەسچىت جامەئە يېنىدىكى ئىلگىرى ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ دەپنە قىلىندى. ‹ئەي تۇپراق، باغرىڭدا نېمە بارلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟› ئاشۇ كېچىسى بۈيۈك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ قەبرە تۆپىسىدە تۈنەپ چىقتى. قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى... سۇلتان ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئۇ ئەھلى دىللار باشلىقى (ئەلىشىر) نىڭ ئۆيىدە ماتەم تۇتۇپ ئولتۇردى.»

# «لىسانۇتتەير» داستانى ھەققىدە[1]

«لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ــــ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. داستاندىكى:

«مەن خىلۋەت ئىچرە يۇندۇم خامەنى،
نەقش ئەيلەرگە بۇ دىلكەش نەۋائىي...

يىل توققۇز يۈز ئاتمىش ئېردى داغى تۆرت،
كىم ئۇلۇسنىڭ كۆڭلىغە سالدى بۇ ئورت.

ھەم بۇ تارىخ ئىچرەكىم قىلدىم شۇرۇ،
ئىختىتامىغا داغى بولدى ۋۇقۇ.»

دېگەن بېيىتلاردىن نەۋائىينىڭ بۇ ئەسەرنى 904 - يىلى (مىلادىيە 1498 ــ 1499 - يىللار) يازغانلىقىنى بىلىمىز.

نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئالىمىدە ئۆزگىچە پەلسەپىۋى ئىدىيە شەكىللەندۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دۇنيا قاراشلىرىغا قەدىمكى گىرېك پەيلاسوپلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دانىشمەنلىرى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە باشقىلارنىڭ مەۋجۇدىيەت، ئىنسانىيەت، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي

[1] بۇ مەزمۇن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2) دىن ئېلىندى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى.

بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى ئەقلىي ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى، جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئەدىب، مۇتەپەككۇرلاردىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى، جالالىدىن رۇمى، شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز شىرازى، ئابدۇرەھمان جامى، جۇملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيەت ماھىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، ئەھمەد ھاجىبەگ، سۇلتان مالىك قەشقەرى قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرلىرى تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز شىرازى، سەئىددىدىن مۇھەممەد قەشقەرى، پەرىدىددىن ئەتتار، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە زور بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىسىنىڭ تەسەۋۋۇپقا ئائىت يۆنىلىشىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن فەرىددىن ئەتتار (مىلادىيە 1148 ـ 1151 ـ يىللىرى ئارىسىدا تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 1219 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ «مەنتىقۇتتىير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرى ئەلىشىر نەۋائىيغا بالىلىق چاغلىرىدىلا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) نىڭ خاتىمە قىسمىدا نەۋائىي بۇنى ناھايىتى تەپسىلىي تىلغا ئالىدۇ. بۇ كىتاب («مەنتىقۇتتەير») ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يېنىدىن ئايرىلماس ھەمراھى، سىردىشى بولغان. كىتابقا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن نەۋائىي ھەتتا ئۇنى يادقا ئېلىۋالغان. مۇشۇ كىتابنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەردىن قاچىدىغان، يالغۇزلۇقنى، جىمجىتلىقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئاتا ـ ئانىسى كىتابنى يوشۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، كىتابنى يادقا ئېلىۋالغان نەۋائىي ئۇنى ھەمىشە مەخپىي تەكرارلاپ يۈرگەن. نەۋائىي شېئىرىيەتتە داڭق قازىنىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە كۆپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، «مەنتىقۇتتەير» نى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ

چىقىش ئارزۇسىنى ھېچ ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىغان. ھەتتا، بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم ئارماندا كېتىمەن دەپ ئويلىغان. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئاشۇ تەسىر ۋە ئارزۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە، گەرچە مەزمۇن جەھەتتە زور پەرقلەنسىمۇ، 58 يېشىدا «لىسانۇتتەير» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرى مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكتە بولسۇن، شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ پارس تىلى بىلەن يېزىلغان «مەنتىقۇتتەير»ى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئەسەرنى «مەنتىقۇتتەير» نىڭ تەرجىمىسى دەپ ئاتىغان. «لىسانۇتتەير» دىكى «قەقنۇس ھەققىدىكى ھېكايەت»نىڭ ئاخىرىدا، نەۋائىي فەرىدىددىن ئەتتارنى خۇشناۋا بىلەن سايرىغۇچى دادا قەقنۇسقا، ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئىزىنى باسقۇچى بالا قەقنۇسقا ئوخشىتىدۇ.

نەۋائىينىڭ زامانىدىشى ۋە ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامى (مىلادىيە 1414 — 1492) پۈتۈن ئۆمرى تەرىقەت ئەھكاملىرى ئىچىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر بولۇپ، نەقشىبەندىيە تەرىقىتى پىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. نەۋائىي ئۆزى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيدىغان بۇ زاتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىلادىيە 1467 - يىلى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىدۇ[1]. بۇنىڭ بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئەينى زامانىدىكى رىئال ھاياتى ئاساسىدا تەبىئىي ھالدا يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۆزگىچە خاس پەلسەپىۋى قاراشنى شەكىللەندۇرگەن. «لىسانۇتتەير» دە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئىنسان، ئەقىل، بىلىم، ئىرادە، ئەركىنلىك، ئەخلاق،

---

[1] ئىبراھىم مۇتئى: «ئەلىشىر نەۋائىي»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي» ناملىق توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى.



www.uyghurkitap.com

دۆلەت، ئىتتىپاقلىق، گۈزەللىك، ئىلىم ـ پەن، مەرىپەت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى مەسەللىك سۇژىت بىلەن يورۇتۇلغان.

«لىسانۇتتەير» نىڭ قىسقىچە سۇژىت ۋەقەلىكى مۇنداق: بىر كۈنى بارلىق ئۇچار قۇشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەجلىس ئېچىپ ئۆز گۇرۇھلىرىنىڭ سۇپەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن پەسلەر ئۇلۇغلارنىڭ، رەزىللەر ئېسىللەرنىڭ، پەزىلەتسىزلەر پەزىلەتلىكلەرنىڭ، نادانلار ئاقىللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشى بىلەن ئەسلىدىكى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرۇش ياساپ، كۆڭۈل ئېچىپ، بەزمىدىن كېيىن كۆككە پەرۋاز قىلىدىغان گۈزەل ئارزۇلىرى يوققا چىقىپ، مەجلىستە غوۋغا، جېدەل ـ ماجىرا كۆتۈرۈلىدۇ. پۈتۈن مەجلىس ئەھلى ئۆزلىرىنى ئېسىل ساناپ، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرگۈسى، قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىقتا چۈشۈپ قالغۇسى كەلمەپتۇ. قۇشلار تائىپى دەل مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا، يەنى شەۋكەتلىك بىر پادىشاھنىڭ زۆرۈرىيىتىگە دۇچ كەلگەندە، ھۆپۈپ قۇشلارغا يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنى سۇمۇرغ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئېيتىدۇ. قۇشلار ھۆپۈپتىن پادىشاھنىڭ خىسلەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ھۆپۈپ قۇشلارغا پادىشاھ (سۇمۇرغ) نىڭ خاسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى ئىنتايىن كۈچىيىپ، ئۇنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلايدۇ. قۇشلار ھۆپۈپنى ئۆزلىرىگە يول باشلىغۇچى قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇمۇرغنىڭ دەرگاھىغا يول ئالىدۇ. لېكىن سەپەر ئۈستىدە بۇ سەپەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جاپالىقلىقىدىن بەزى قۇشلار سەپەردىن يالتىيىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۈزى يەتمەيدۇ. قۇشلارنىڭ سەپەرنى تاماملاپ، سۇمۇرغنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئىرادىسى سۇنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان ھۆپۈپ

ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە قۇشلار مۇشەققەتلىك سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يۈز تۈمەن مىڭ قۇشلار ئىچىدىن ئوتتۇز نەپەر قۇش مىڭلىغان بالايىئاپەتلەرنى يېڭىپ، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە ھېرىپ ـ چارچاپ، تەنلىرىدە جاندىن ئەسەر قالمىغان ھالدا يېتىپ كېلىدۇ.

«لىسانۇتتەير» تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا بېغىشلانغان، باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان. نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى پەقەت «لىسانۇتتەير» دىلا ئەمەس، ئۇنىڭ «ھەيراتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىدىيىسى ئۇ ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىدىغان مەۋلانە جالالىدىن رۇمى، فەرىدىددىن ئەتتار، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىلىرىنىڭ نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتىدا تولىمۇ تەبىئىي ئىش ئىدى. بىز بۇ نۇقتىنى «لىسانۇتتەير» نى ئوقۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

«لىسانۇتتەير» دە «تەڭرى» گە سىمۋول قىلىنغان «سۇمۇرغ» نىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغاندا، نەۋائىي «ھۆپۈپ» (سوپى) نىڭ تىلى ئارقىلىق «قۇشلار» (ئىنسانىيەت) غا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ شۇنداق بىر پادىشاھىمىز باركى، ئۇ بارلىق شاھلارنىڭ شاھىدۇر. ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار. ئۇنىڭ ئۆزى يەككە ـ يېگانە، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. سۈپەتلىرى جاھان ئىچىدە مەشھۇر. بۇ سۈپەتلەر ئۇنىڭ ئىسمىغا باغلانغان، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالمىغۇچە ھېچكىم بىر تىنىق ئالالمايدۇ.»[1] نەۋائىي تەڭرىنى

---

[1] «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.

ئىنكار قىلمايدۇ. ئەكسىچە، تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپتىراپ قىلىدۇ. تەڭرىنى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى بىلگۈچى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تەڭرىنى بىر - بىرىگە قارشى قويمايدۇ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا تەڭرىنىڭ ئۆز - ئۆزىدە تۇرغان ھالەتتىن ھەرخىل شەكىلدە بولغان ھالىتىدىن ئىبارەت، شۇنداق بولغاچقا، تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ھەربىر زەررىسىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. نەۋائىينىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئەينەكتىن ئىبارەت. «لىسانۇتتەير» دىكى «ئۆز ھۆسنىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ئەينەكنى ۋاستە قىلغان پادىشاھنىڭ ھېكايىسى» دە: «ئەي مەسلەك ئىگىسى، سەنمۇ كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئەينەك دەپ خىيال قىلغىن، ئۇ مۇتلەق پادىشاھ ئۆز جامالىنىڭ ئەكسىنى سېنىڭ ئاشۇ كۆڭۈل ئەينىكىڭگە سالىدۇ. تېنىڭ قەسرىدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن، سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ، نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى پاك تۇتقىن. ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل ھۆسنى - جامالىنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.»[1]

نەۋائىي، تەڭرى قانداقتۇر ئالەمنىڭ سىرتىدىكى مەۋھۇم نەرسە ئەمەس، ئۇ بارلىق شەيئىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. سوپىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنياچىلىق يولىدا مېڭىپ، تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك دېگەن قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائىي تەسەۋۋۇپنى خالىسلىق، پاكلىق، سادىقلىق تەلىمى دەپ چۈشەنگەن، سوپى - ئىشانلارنىڭ يالغان تەقۋادار بولۇۋېلىپ،

---

[1] «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىل 3 - سان.

تەسەۋۋۇپنى دەستەك قىلىپ ئالدامچىلىق قىلىشىغا تاقەت قىلالمىغان. ئۇ بۇ قاراشلىرى بىلەن تەركىدۇنياچىلىق، زاھىتلىقنى تەرغىب قىلغان مۇتەسسەۋۋۇپلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشلار «لىسانۇتتەير» دە «تەگرى»، «سوپى»، «ئىنسانىيەت» كە «سۇمۇرغ»، «ھۆپۇپ»، «قۇشلار» نى سىمۋول قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يەنى، نەۋائىي «سۇمۇرغ»نى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى تارتىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، كۆپ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن قۇشلارنىڭ «ھۆپۇپ» كە بولغان نارازىلىقىنى قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركىن ھايات كەچۈرۈشىنى، ھاياتنى قەدىرلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

«لىسانۇتتەير» دە تەسەۋۋۇپتىكى قەلبنى پاكلاش جەريانىنىڭ يەتتە مۇقامى (تەلەپ، ئىشق، مەرىپەت، ئىستىغنا، تەۋھىد، ھەيرەت، فەقرۇفەنا) ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

«لىسانۇتتەير» دە نەۋائىي يۇقىرىقىدەك تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتىن باشقا، شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ كېلىۋاتقان مەرىپەتلىك ئادىل شاھ باشچىلىق قىلغان غايىۋى دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائىي تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىدى، ھۈسەين بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. شاھزادىلەرنىڭ، تەخت ۋارىسلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە تەخت تالىشىپ ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنى، قىرغىنچىلىقلىرىنى ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تاج - تەخت تالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەشلەر نەۋائىيغىمۇ نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ رىيازەت چېكىشىگە سەۋەب بولدى.

نەۋائىي پادىشاھ شاھرۇخ ۋاپاتىدىن كېيىنكى تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى، ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئەبۇ سەئىد ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوغلىنىڭ دادىسىغا قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانى، پادىشاھقا قارشى بولۇۋاتقان قوزغىلاڭلار... غا شاھىت بولدى. نەۋائىي ئوردا خىزمىتىدە بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىم، شائىر، سەنئەتكارلارنى يىغىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە گۈللەندۈرگەنىدى. ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن بۇ كىشىلەر ئوردىدىكى قارانىيەت ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى، يەكلەندى، بېسىمغا ئۇچرىدى. داۋالغۇپ تۇرغان تىنچسىز سىياسىي ۋەزىيەت ۋە كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىقلارنى كۆرگەن نەۋائىي دۆلەتنىڭ ئېغىر سىياسىي كرىزىسكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر مەرىپەتپەرۋەر، ئادىل پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىنى، ئەل ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق، مالىمانچىلىقنى تۈگىتىپ، ئەدلى ـ ئادالەت تۇرغۇزۇشىنى ئۈمىد قىلدى. «لىسانۇتتەير» دە ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قۇشلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

«بىر كۈنى گۈلىستان قۇشلىرى، ئورمان ۋە باياۋان ئۇچارلىقلىرى يىغىلدى. ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەجلىس قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ھەممىسى ئۆز گۇرۇھىنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. بىراق بۇ مەجلىستە ئالا قاغا تۈتىنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇردى. باشقا قاغىلارمۇ بۇلبۇل، پاختەكلەردىن ئالىيراق جايغا ئورۇنلاشتى. غاز شۇڭقاردىن ئالىيراق يەرگە جايلاشتى. سېغىزخان توزدىن ئىلگىرىرەك ماڭدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزئارا قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرۇش تۇزۇپ، كۆڭۈل ئېچىش، بەزمە تامام بولغاندىن كېيىن كۆككە پەرۋاز قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئورنىنى

تېپىپ ئولتۇرالماي، رەزىل ۋە نەسلى پەسلەر جامائىتى ئېسىل ۋە شەرەپلىك جامائەدىن ئۈستۈن ئولتۇردى. شەرەپ ئىگىلىرى بۇنىڭدىن نارازى بولغان بولسىمۇ، تېگى پەس رەزىل، پەسكەشلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى. قۇشلار ئارىسىدا تەرەپ ـ تەرەپتىن غەلۋە ـ غوۋغىلار كۆتۈرۈلدى. بارا ـ بارا بۇ غوۋغىلار ماجىراغا ئايلاندى.»[1]

قۇشلارنىڭ تائىپىسى ئىچىدە كۆرۈلگەن بۇ زىددىيەت دەل شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. «ئاخىر بۇ قۇشلار تائىپىسى بىر شەۋكەتلىك پادىشاھقا موھتاج بولدى. ئادەتتىكىلەر ۋە نەسلى پەسلەرنىڭ ئالىي ۋە شەرەپلىك پەزىلەت ئىگىلىرىگە بەرھەم بەرمەسلىكى، پەزىلەتلىكلەرنىڭ يامان نەسىللىك خەسىسلەر ئالدىدا پەگاھقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر ئىنساپلىق ھۆكۈمران ۋە ئادىل، ھوشيار خاننىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.»[2] بۇ نەۋائىينىڭ بىر ئادىل شاھنىڭ بولۇشىغا بولغان ئارزۇسى ئىدى. «ئۇلار بىر ئەقىللىق پادىشاھ بولغان بولسا بۇ جامائەلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ئېسىل پەزىلەتلىكلەرنى ئۇلۇغلاپ، نەسلى پەس، ئادەتتىكىلەرنى ئۆزگە مۇۋاپىق ئورۇندا تۇتۇپ تۇرسا، دېيىشەتتى.»

بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى يالغۇز شائىر نەۋائىينىڭ ئەمەس، بارلىق ئاۋامنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

مەرىپەتپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ باشچىلىقىدا مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، جۈملىدىن نەۋائىي ياشىغان تېمۇرىيلەر دەۋرىدە بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشقا قارشى زور ئىلغارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىدى.

مەلۇمكى، مۇھەببەت ـــ ئەدەبىياتتىكى مەڭگۈ ئۆلمەس تېما،

---

[1] «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.
[2] «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.

نەۋائىي ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت، ئاشىقلىق ئەڭ كۆپ ئىپادە قىلىنغان تېمىلارنىڭ بىرى. گەرچە «لىسانۇتتەير» دە «ھەقىقىي ئىشق» (ئاللاغا بولغان ئىشق) ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىنىپ، «مەجازىي ئىشق» (ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىشق) «ھەقىقىي ئىشق» قا يېتىشتىكى ۋاستە دەپ قارالسىمۇ، نەۋائىي كىشىلەر ئارىسىدىكى چىن مۇھەببەتنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئاشىقلارنىڭ ۋىسالغا يېتىشكە ئىلھام بېرىدۇ. ھەقىقىي سۆيگۈ ئۇچۇن جېنىنى قۇربان قىلسىمۇ ئەرزىيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «لىسانۇتتەير» دە شەيخ سەنئاننىڭ ھېكايىسى ۋە ھۆپۈپنىڭ بايانلىرى، «ئىشق — ئۆچمەس بىر مەشئەلدۇر، ئۇنىڭدىن ھەم ئالەم نۇرلىنىدۇ. كىمىكى راست ئاشىق بولىدىغان بولسا، جاندىن ئەنسىرىمەيدۇ. ئىمانغا پەرۋا قىلماي، كۇپۇرلۇقنى قوبۇل قىلىشتىن يانمايدۇ، ئەگەر ئاشىققا جانان مۇيەسسەر بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ جان ۋە جاھاندىن كېچىشى ناھايىتى ئوڭاي. ئاشىقلار ئار - نومۇستىن، نام - ئاتاقتىن، مىللەت ۋە ئىسلامدىنمۇ كېچىپ، دەرد بىلەن ئۆتۈشنى ئەلا كۆرىدۇ.»[1]

«لىسانۇتتەير» دە نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى، غايىۋى دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرى ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن باشقا يەنە، قۇشلارنىڭ دىئالوگلىرى، ھېكايەتلەر ۋە مۇناجاتلار ئارقىلىق، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشى، ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئەسەردە ھۆپۈپ بىلەن بۇلبۇل، پاختەك، كەپتەر، تاغ كەكلىكى، قىرغاۋۇل، قارچىغا، شۇڭقار، بۈركۈت، ھۇۋقۇش، ھۇماي، ئۆردەك، توخۇ قاتارلىق قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھۇرۇنلۇق، تەييارغا ھەييار بولۇش، نەپسىنى يىغماسلىق، مال - دۇنيا قوغلىشىش،

---

[1] «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىل 3 - سان.

ۋىجدانسىزلىق، ھىيلىگەرلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىپەزلىك، تەكەببۇرلۇق، جاھىللىق، ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، ئاچ كۆزلۈك، تەمەگەرلىك، يالغانچىلىق، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلىشقا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلانغان، ئادالەت، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق، راستچىللىق، توغرىلىق، مەردلىك، شىجائەتكە ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. كىشىلەرنى ئەمگەكنى سۆيۈشكە، دوستلۇقنى قەدىرلەشكە، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلغان.

«لىسانۇتتەير»دە، «ھەرقانداق شەيئى پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. دۇنيادا يوقالماي مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان شەيئى بولمايدۇ» دېگەن قۇرلار ئارقىلىق، شائىر ئۆزىنىڭ ئالەمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«لىسانۇتتەير» چوڭقۇر بىلىم، پىشقان بەدىئىي سەنئەت، ئاجايىپ يېتۈك تەپەككۇر ۋە ھېكمەت جاۋاھىرلىرى بىلەن تولغان بىر خەزىنە. ئەسەردىكى تولۇپ ـ تاشقان ھېكمەت ئۈنچىلىرى ئوقۇرمەننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلسا، سەنئەت گۈزەللىكلىرى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا چۆمدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا مىسال كەلتۈرگەن بەزى ھېكايەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، قايناق ھېسسىيات ۋە ئاجايىپ تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى مەسەللەر كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، بۇلار ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، مەنىۋى دۇنياسى، كىشىلىك ھاياتتىن يىغقان ئاجايىپ زور تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، شۇنداقلا، تولغان سەنئەت ماھارىتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن «لىسانۇتتەير» خېلى زور تەربىيىۋى، ئىلمىي، بەدىئىي، ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

«لىسانۇتتەير» پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان، ئۇيغۇر خەلقى بۇ

ئەسەرنى سۆيۈپ ئوقۇغان. بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزىرە، تەقلىد قىلىدىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىغا ياخشى ئۈلگە بولۇپ قالغان. مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى «لىسانۇتتەير» گە تەقلىد قىلىپ ئەسەر يازغان. مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان تالانتلىق ئەدىب، نەۋائىيشۇناس موللا سىدىق يەركەندى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى نەسرلەشتۈرۈپ يازغاندا «خەمسە» دىكى بىرىنچى داستان «ھەيراتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ئورنىغا «لىسانۇتتەير» نى ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى «خەمسە» گە قوشقان. بۇلاردىن «لىسانۇتتەير» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى ۋە تارىختىن بۇيانقى ئۇنىڭغا بولغان ئىزچىل ۋارىسلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# «لىسانۇتتەير» دىن جاۋاھىرلار

## ۋاقىت گويا ئۆتكۈر قىلىچتۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر غاپىل ۋە ئازغۇن شەيخ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەتقىلىق نەپسى ئۈچۈن بىر جامائە خەلقنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش نىيىتىدە بازارغا قاراپ قەدەم قويىدى. ئۇ شەيخ دۇنياغا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. رىزقىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئۇستۇۋېشىغا بىر يېشىل يېپىنچىنى ئارتىپ، بۇ ئىش بىلەن يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپسىنى خۇشال قىلاتتى. ئۇ بازاردىكى بىھېساب نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈپ، تاقىتى تاق بولغان ھالدا كۆڭۈل سىرلىرىنى يوشۇرغان ھالدا ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا بۇزغۇنچى نەپسى ئەگرى يولنى تۈز قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئاخىر قەلەندەرلىك مىكرىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. گاھ يېقىملىق ماقالىلەرنى سۆزلىسە، گاھىدا «كەشىپ ـ كارامەت» لىرىنى كۆز ـ كۆز قىلاتتى؛ بەزىدە خەلق ئىچىدە ئۆزىنىڭ «كەشىپ ـ كارامەت»لىرىنى نەقىل كەلتۈرسە، يەنە بەزىدە ئەقىل ۋە شەرىئەت يوللىرىنى ئىزھار قىلاتتى. ئۇ شەيخ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۈزلەرچە مىكىر ۋە ئەپسۇنلارنى ئىشقا سېلىپ، خالايىقتىن بىر لوقما تائام ياكى بىر دەرەم پۇلغا ئىگە بولاتتى. كىشىلەرگە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، يۈز قىسما نەيرەڭ ۋە ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، نەپسىنىڭ تىلىگىنىنى ئۇلاردىن ئېلىپ يەيتتى. نەشىنىڭ

تەسىرى بىلەن ھەر نەپەستە يۈز قىسما بۇزۇق خىياللارنى قىلاتتى، كۆڭلىدە مىڭلىغان خام تەمە ۋە بىمەنە نىيەتلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا بىر كۈنى توساتتىنلا بىر مەردانە ۋە ئۇلۇغ كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ كىشى ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن كارامەت ئىگىسى ئىدى. غاپىل شەيخ بۇ ئاقىل كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا يامان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچتى. ئۇ ئەزىز كىشى غاپىل شەيخكە:

— ئالدىڭدىكى ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭنى ماڭا ئۇزاتقىن، تاپقان سەدىقىلىرىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۇ زىبدى پەس شەيخ ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، خالتىنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي نىجاسەتلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنى كۆرگەن شەيخنىڭ خەستەك جىسمىغا ئوت تۇتاشتى. ئۇ مەردانە كىشى يەردىن بىر ئوچۇم تاش ئارىلاش توپىنى ئېلىپ، خەسىس شەيخنىڭ قولىغا بەردى ـ دە:

— بۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەيسەن، — دېدى.

شەيخ ئېلىپ قارىسا، ئۇ پاك زاتنىڭ بەرگەن توپىسى ئالتۇن، تاشلىرى بولسا گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. كالتە پەم شەيخ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئالدىغا قارىغانىدى، ئۇ پاك ئىنسان كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ ئەقىلسىز شەيخ خىجالەتچىلىكتە قالدى، ھەسرەتلىك ئاھ چەكتى. ئەمما بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىدى. ئەي غاپىل، ساڭا ئاشۇ غاپىل شەيخكە ئۇچرىغان كىشى ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قەدرىنى بىلمىسەڭ، ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، نالە ـ پىغان قىلغان بىلەن پايدا تاپالمايسەن. ۋاقىت گويا ئۆتكۈر قىلىچتۇر.

www.uyghurkitap.com

## گۈزەللىك تەبئىيلىكتە

بىر ئۇسسۇلچى ھىندى بار ئىدى. ئۆزىنى ئىنتايىن چىرايلىق زىننەتلەپ ياساپ، ئاجايىپ ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇ تاجغا رەڭگارەڭ كۆزلەرنى قويغانىدى. تاج بىلەن تونلىرىنى زىننەتلەپ، تەتىللا لىباسلارنى كىيەتتى. ئۇسسۇلغا قوپقاندا يېنىدا بىر ناغرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئوينايتتى. بىر كۈنى ئۇ ناغرىنى چېلىپ، بېشىنى بىر تەرەپكە، قولىنى بىر تەرەپكە، كاسىسىنى بىر تەرەپكە قىلىپ، ھىندىچە ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ گوياكى ھىندىستاننىڭ توزلىرىدەك گۈزەل ۋە يېقىملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن بەزمىگە ھۆسن قوشتى. مەيدان ئىچىدە سۈرەن - چۇقاننى ۋە شاۋقۇنلارنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا باشباشتاقلار بارغانسېرى كۆچەپ سۈرەن سېلىشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يەرگە تۇيۇقسىزلا مۇھتەسىپلەر (شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار) كېلىپ قالدى. ئۇ يىغىلىشتىكى كىشىلەر مۇھتەسىپنى كۆرۈپ، ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. ئۇ دەۋرنىڭ يېگانە گۈزىلى بولغان ئۇسسۇلچى ھىندى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ناغرىسى بىلەن تاجىنى سۇندۇردى. ئۆزىنى يالىڭاچلاپ دەررە بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ زىننەت تاجىنىڭ ئورنىنى جاراھەت تاجىسى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئىبرەت ئالغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

## گۈلدىن تىكەن يەتسە

بىر پادىشاھ سەيلە - شىكار ئۈچۈن ئاتلىنىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا بىر خىيالپەرەس گاداي شاھنى كۆرۈپ ئاھۇ ئەپغانلارنى چېكىپ، خالايىق ئارىسىدا غەلۋە - غوۋغا قىلىشقا باشلىدى.

يۈزلىگەن داستانلارنى ئېيتىپ، زار ـ زار يىغلايتتى. بىر يەردە جىم تۇرماي، خۇددى تەلۋىلەردەك گۈلخان ئىچىدە كۈلگە ئۆزىنى بۇلغاۋاتاتتى. پادىشاھقا ئۇنىڭ ئاشىقلىقى مەلۇم بولدى. پادىشاھ كۆڭلىدە: بۇ ئىشق سەۋدايىسىنىڭ ئاشىقلىقىنى سىناپ باقاي دەپ ئويلاپ، ئىمتىھان ئۈچۈن ئۇنىڭ گۈلخىنىغا قاراپ ئات سالدى. پادىشاھ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

—— بۇ ئازغۇننى سۆرەپ ئالدىمغا ئەكېلىپ، بوينىنى ئۇرۇڭلار، —— دەپ پەرمان قىلدى.

ياساۋۇللار ئۇ «ئاشىق»نى مەشۇقى بولغان پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلدى. قارىسا، شاھ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئۇ گاداي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز جېنىدىن ۋەھىمە قىلىپ، قېچىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ خەۋپسىرىگەن ھالدا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، توساتتىنلا ئۇ گۈلخان تەرەپكە يول ئالدى. قورقۇنچ بىلەن ھوشىنى يوقاتقان بۇ گاداي خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ھالاك بولدى. لېكىن شاھنىڭ ئۈمىدى مۇنداق ئىدى: ئەگەر ئۇ ھەقىقىي ئاشىق بولسا، ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ. شاھنىڭ ئالدىدا جان ـ دىلى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆلۈمگە رىزالىق بېرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇپ، ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەكچى ئىدى. ئەگەر ئۇ گاداي پادىشاھقا چىن كۆڭلى بىلەن ئىخلاس قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە، پادىشاھقا سۆھبەتداش ۋە خاس مەھرەم بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ گاداي ئىشق ئىچىدە زىددىيەتلىك ۋە خىلاپلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئەھۋالى رەسۋالىقتا شۆھرەت تاپتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ساڭمۇ گۈلدىن بىر تىكەن يەتسە، چىمەندىن كېچىپ، گۈلخاننى ماكان قىلىشىڭ مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## هوسۇلسىز ئىش جانغا جاپا

بىر باغۋەن بار ئىدى، باغۋەنلىك كەسپى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. مېۋە ھالاۋىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن دەرەخلەرنى ئۇلاپ، پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيتتى. دەرەخلەرنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا چاتاپ، دەرەختەك ھالەتكە كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا چېچىشنى بىلمىگەچكە بىرەر تال گۈلنىمۇ ئېچىلدۇرالمايتتى. باغ ئىچىدە ئەخلەت توشۇش، غازاڭ سۈپۈرۈش قاتارلىق بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆزىنى جاپاغا سېلىپ، ئۆمرىنى زايە قىلاتتى. باغۋەننىڭ ھوشيار دوستلىرى ئۇنىڭ بۇ قەدەر جاپا - مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ ھوسۇلسىز ئىشىڭنى تاشلاپ بىرەر پايدىلىق ئىش بىلەن شۇغۇللانغىن، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ئۇ نادان باغۋەن مېھنەت - مۇشەققەتتىن ئۆزىنى تارتالماي، ئۆزىنى ئۆزى جاپا - مۇشەققەتكە دۇچار قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنى تال كېسىش ئۈچۈن ئېرىق ئىچىگە كىرىپ ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، يىلان چېقىۋېلىپ ھالاك بولدى.

## غەيرەتسىزنىڭ ئاقىۋىتى

خەلق ئارىسىدا بىر غەيرەتسىز كىشى بار ئىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈمتۈك ۋە غەيرەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، ھەربىرى بىردىن مۆشت ياكى جاپا تەستەكلىرىنى ئۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەردىن بىر لوقمىدىن نان ئېلىپ يەيتتى. كىشىلەر قانچە قوغلىسىمۇ كەتمەيتتى. بەلكى ئۇ باغرى تاش زالىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. كىشىلەر ئۇنى بۇ جاپالارغا ئۆگىتىۋالغانىدى.

ئۇنى خالىغان بىر كىشى كېلىپ تەپسە، بىر چۆرگىلەپ توختايتتى. ئۇ غەيرەتسىز پەس كىشى بۇنىڭ بەدىلىگە تەپكۈچى كىشىدىن بىرنەرسە ئالاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەرخى شۇنىڭغا توختىغانىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرسە، نەپسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى. نان بەرگۈچى شۇ ھامان بىر مۇشت سالاتتى ـ دە، ئۇ كىشى يەرگە يىقىلاتتى. گەرچە ناننى يەپ قورسىقى تويسىمۇ، لېكىن مۇشتنى يەپ ھېچ نەرسە يېمىگەندەك يۈرەتتى.

## كاززاپنىڭ ئۆلۈمى

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر بەتبەخت ئادەم بار ئىدى. ئۆزىگە جاۋاھىراتشۇناسلىق كەسپىنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئۆز ئىسمىنى جەۋھەرى دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن ئۇ ئېشەك مونچىقى بىلەن فىروزىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنى جاۋاھىرلارنى تونۇيدىغان كىشى دەپ داۋراڭ سېلىپ گادايلىقتىن خالاس بولدى. بۇ جەۋھەرى ئاق تاشلارنى خىلمۇخىل رەڭلەردە بوياپ، ئۇنى گۆھەر، ھېقىق، ياقۇت دەپ ئاتاپ، بىھۇدە لاپ ئۇراتتى. ئۇنىڭ مۇجمەل ۋە چالا ـ چولتا ئىشلىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ ھەممىسى راست دەپ ئىشىنەتتى. بىر كۈنى ئۇ يۈقىرىقىدەك ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بىرمۇنچە «جاۋاھىر»لارنى تەييارلاپ بىر بايغا ساتتى. جەۋھەرى ئادەتتىكى تاشلارنى چىرايلىق رەڭدە بوياپ ساتقاچقا، ئۇ بايدىن ھەددى ـ ھېسابسىز پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى بۇ كىشى ئۇ پۇللارنى شۇنداق خىراجەت قىلدىكى، سېتىۋالمىغان ھېچ نەرسىسى قالمىدى. يېنىدا بىر يارماقمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. «جاۋاھىر» سېتىۋالغان باي بۇ مەككارنىڭ بىر تىللالىق ئاق تاشنى ياقۇت رەڭدە بوياپ، يۈز مىڭ تىللاغا ساتقانلىقىنى

بىلىپ قالدى. باي يالغان گۆھەر سودىسىنى ئىشكار قىلىپ، تىللالىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قارىسا، جەۋھەرنىڭ يېنىدا بىر يارماق، بىر دەرەمگە چاغلىق پۇل قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق كاززاپلىقى ئۆزىنىڭ قىنىناپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى.

## سەپەرداشلارنىڭ تەقدىرى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر يولدا ئىككى كىشى بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى مەسلەك يوللىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. يەنە بىرى بولسا بۇ جەھەتتە يول تاپقانىدى. بىرى كالتە پەم ئىدى، يەنە بىرى كامالەت تاپقانىدى. بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر (تەلىيى كاج، بەتبەخت) ئىدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇقبىل (بەختلىك، تەلەيلىك) ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئىسمىغا ماس ئىدى. مۇقبىل ئېتىقادلىق، دانا ۋە كامىل كىشىلەردىن سۆز ئاچاتتى. مۇدبىر بولسا خۇددى بۇددىستلار ئۆزىنىڭ بۇتىنى ماختىغىنىدەك پاسىق ۋە نۇقسانلىق كىشىلەردىن سۆز ئاچاتتى. مۇقبىل دەرد - ھەسرەتلىك ئەھۋاللاردىن ھېكمەتلىرنى بايان قىلسا، مۇدبىر ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالى، زىبۇ زىننەتلىك كىيىملىرى ۋە گۈزەللەر ئەھۋالىدىن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىدىن ھېچبىر مەنپەئەت تاپالمىدى، ئاخىر بىر مۇبارەك شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككىسى بۇنى غەنىيمەت بىلىپ بىر - بىرىدىن دەرھال ئايرىلدى. مۇقبىل پەقىرلەر كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. مۇدبىر مەيخانىغا يول ئالدى. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مۇقبىلنىڭ سۈپەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. پادىشاھ مۇقبىلغا كۆپ ھۆرمەت - ئېھتىراملارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كەمتەر ۋە ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلدى.



www.uyghurkitap.com

دەل شۇ سورۇنغا پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى قانخور ۋە پاسىق مۇدىرنى مەھكەم باغلىغان ۋە خارۇ زار قىلغان ھالدا ئېلىپ كەلدى. ياساۋۇللار:

— بۇ كېچە باشباشتاقلار مەي ئىچىشىپ، يامان ئىشلارنى قىپتۇ، مۇشۇ ئەبلەخنىڭ سەۋەبىدىن قان تۆكۈلۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. بۇ نىمىدېگەن زىيانكار ۋە بەتقىلىق ئادەم ـ ھە! گەپنىڭ قىسقىسى بۇ ناكەس قاتىل ئۆلگۈچىنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرگەن، — دەپ مەلۇم قىلدى.

پادىشاھ ياساۋۇللارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، مۇدىرغا دەرھال قىساس (ئۆلۈم) جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

مۇقبىل ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى بىلەن ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى. مۇدىر ئۆزىنىڭ مەنمەنلىكى تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى.

## بىھۇدە خىيالنىڭ ئازابى

بىر تاغلىق كىشى بىر ئېيىقنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى كۆندۈرۈپ رام قىلىپ بولغۇچە ئوت ـ خەس بېرىپ يېگۈزەتتى، كۈندە ئىككى ۋاخ ئۆلگۈدەك تاياق بېرەتتى. ئاچلىق ۋە تاياق ئازابى بىلەن ئۇ ئېيىقنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى جاراھەتلەندۈرەتتى. ئۇ تاغلىق كىشى ھەربىر تاياق سالغاندا، ئېيىق تۇپراق بىلەن تەڭ بولۇپ يىقىلاتتى. تاغلىق كىشى ئېيىقنى يېتىلەپ، ئىشكمۇئىشىك يۈرۈپ ئويۇنچىلىق قىلاتتى. ئۆيگە قايتار ۋاقتىدا بولسا ئوتۇنچىلىق قىلاتتى؛ ئۇ ئېيىققا ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئوتۇننى يۈكلەپ، ئۆيگە توشۇيتتى. كۆپ يۈك توشۇغانلىقتىن ئېيىقنىڭ تېنىدە بىر تالمۇ تۈك قالمىغانىدى. ئىمكاندىن ئارتۇق جاپالارنى تارتقان ئۇ ئېيىق بارغانسېرى نادان ۋە قاشقاق بولدى. نادانلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نەپسىدە تەكەببۇرلۇق پەيدا بولدى. ئۇ گاھىدا: قاپلانلارنىڭ بېشىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يانجىپ تاشلايمەن،

دەپ خىيال قىلسا، يەنە بەزىدە: شىر، يولۋاسلار يولۇقسا، قارنىنى يېرىپ، ئۆزۈمگە تائام قىلىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ دائىم ئاشۇنداق تائاملارنى ۋە قارچىغىغا ئوخشاش خام خىياللارنى ئويلايتتى. ئاقىۋەتتە ئۆزى ئىتلارغا غىزا بولدى. سىنىڭ دائىم بۇنداق بىهۇدە خىياللاردا بولۇشۇڭ ئاشۇ ئېيىقنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. سىنىڭ ئاقىۋىتىڭمۇ ئاشۇ ئېيىقنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## بورىچى شاھ

بىر پادىشاھ بىر مۇبارەك ئىمارەتنى لايىھىلىتىپ بىنا قىلدى. ئۇ ئىمارەت بىلەن پۈتكۈل خەلق شادلىققا چۆمدى. ئۇ ئىمارەتكە شۇ قەدەر ھېسابسىز زىبۇزىننەت بەردىكى، ئۇنى قىياس قىلىپ بولغىلى بولمايتتى. بۇ ئىمارەت شەھەر خەلقى ئۈچۈن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ھەممە تەرىپى ئەينەك بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭ راۋاق ۋە گۈمبەزلىرى سەنئەت قوللىرى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئىمارەت ئۈستىدە خۇددى پەلەك ئۈستىدىكى نۇرلۇق قۇياشتەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ ئىمارەت ئۇستىلارنىڭ قولىدىن شۇقەدەر چىرايلىق ۋە كۆركەم بولۇپ پۈتۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن شەھەر خەلقى چەكسىز شادلاندى. كىشىلەر بۇ شادلىق ئۈچۈن مۇراسىم تۈزدى. ھەربىر كىشى ئۆز ئەپسۇنى بىلەن نۇرغۇن ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، كۈلكە ئۈچۈن نامايان قىلىشتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق شادلىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشتى. كىشىلەر ئارىسىدىن بىر بىھايا قاشاڭ كىشىنى ئويۇن ۋە مەسخىرە ئۈچۈن تېپىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى بورىچى شاھ ئىدى. ئۇ بېشىدىن ئايىغىغىچە بورا بىلەن ياسالغان كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئوقياسى ۋە قالقىنىمۇ بورىدىن ياسالغانىدى. بورىچى شاھ ئۆزىگە ئوخشاش قاشاڭ، بەلكى مەسخىرىگە نىشان بولغۇچى

ئەخمەقلەردىن بىرنەچچىنى ياساپ ـ جابدۇپ مەيدانغا ئېلىپ كىردى. ئۇلارمۇ بورا كىيىملەرنى كىيىشىپ ئويۇن كۆرسەتتى. بورىچى شاھنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، ھەر نەپەستە يېڭى ـ يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىپ، خالايىقنى كۈلدۈردى. لېكىن بورىچى شاھ ھەزىل ـ چاقچاق بىلەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنى راست پادىشاھتەك ئويلاپ قالدى. شۇڭا مۇراسىم ئاخىرلىشىپ ئويۇن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئەخمەق مەن ئۆلگەن ئوخشايمەن دەپ، ئۆزىگە ئۆزى ماتەم تۇتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بورا چېدىرى، بورا تاجى، بورىدىن پۈتكەن تونلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بورىچى شاھ شۇنىڭدىن كېيىن چۈشەندىكى، ئۇنىڭ بۇ «شاھ»لىقى پۈتۈنلەي مەسخىرە ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

## ھالاكەتنىڭ سەۋەبى

بۇرۇنقى زاماندا بىر مۇشتۇمزور پالۋان بار ئىدى. ھۈنەرسىزلىك كەسپىدە تەڭداشسىز ئىدى. چاشكا ۋاقتىدا ئون پاتمان تاماقنى يېسە، كەچتە يەنە شۇنچىلىك غىزاغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالاتتى. بۇ ئىككى تاماقنىڭ ئارىلىقىدا يەنە ئاشۇنچىلىك مىقداردىكى تاماقنى يەپ تۈگىتەتتى. ئەگەر ئۇ مەست پىلغا ئوخشاش زورلۇق قىلىدىغان بولسا، ھەرقانداق پالۋاننىڭ بېلىنى پۈكۈپ تاشلايتتى. بىر چاغلار كەلگەندە ھاياتنىڭ ھاۋادىساتلىرى يۈز بېرىپ، يۇرتتا قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك پەيدا بولدى. بۇ بالا ـ قازا شۇنداق ئەۋج ئالدىكى، كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولدى. كىشىلەر جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە باش ئېلىپ كېتىشتى. بىر توپ خالايىق شۇ قاتاردا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى كۆچتۆڭگۆر پالۋانمۇ بار ئىدى. بىراق ئۇ پالۋان يول ئازابى تارتىپ باقمىغانىدى. يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ساپلا دەشت ـ چۆللەردە يۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۇچۇن، نەپسى يامانلارنىڭ ھالى ئىنتايىن يامان بولدى. پالۋانمۇ قورسىقى تويغۇدەك غىزاغا ئېرىشەلمەي، ئۆز ھالىغا ھازا تۇتۇشقا باشلىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ جىسمىدىن قۇۋۋەت ۋە ماغدۇر دېگەنلەر چىقىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئوزۇق يەتمىگەنلىكتىن چۆلدە ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىسى ئاجايىپكى، بۇ يولدا ئۇششاق باللارمۇ، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بوۋاي ـ مومايلارمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن ساق ـ سالامەت ھالدا مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. بۇ پالۋاننىڭ نەپسى بۇ مېھنەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەجەل ئالدىدا ئاجىز بولدى. ئۇنىڭ ھالاكىتىگە نەپسىنىڭ يامانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

## جان دەسمايىسى

ئىلگىرى مەلۇم بىر دىياردا بىر دىۋانە بار ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز ۋەيرانىلەردە يۈرەتتى. بۇ ئارقىلىق خەزىنە تېپىش ئۈمىدى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزەتتى. ھەركۈنى ئۇ ۋەيرانىنىڭ بىر تەرىپىنى قېزىپ، خەزىنە ئىزدەيتتى. ئۇ دىۋانە بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئىنتايىن كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەكتى. ئاخىر ئۇنىڭ تەلىيى خەزىنە تەرەپكە يول باشلىدى. ئۇ قازغان لەخمىدىن بىر ئىشىك پەيدا بولدى. كىرىپ قارىسا، بىر چوڭ ساراي ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە پەردۇنىنىڭ بايلىقى، بەلكى قارۇننىڭ خەزىنىسىدەك كۆپ خەزىنە بار ئىدى. شاھانە كۈپتىن قىرىق دانە چوڭ كۈپتە دۇنيا دەپىنە بار ئىدى. ئۇ دىۋانە خەزىنىلەرنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ يەرگە توساتتىنلا بىر يارامسىز ناكەس ئادەم كىردى. قارىسا، خەزىنە ئۈستىدە بىر كىشى ھوشسىز

يېتىپتۇ، ئۇ يارماس لەنتى بۇ دۆۋاننى ئۆزىگە خەۋپ دەپ بىلىپ، دەرھال تىغ تارتىپ، خەزىنە ئۇستىدىلا دىۋاننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. خەزىنىلەر ئۇ ناكەسكە بىر ئۆمۈرلۈك دەسمايە بولدى، ئەمما دىۋانە بولسا بۇ ئىش ئۈچۈن جان دەسمايىسىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

## ئەقىل ئىگىسى بولساڭ...

ئۇمان دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ياشايدىغان بىر سودىگەر سودا ئۈچۈن دەريا ساھىلىغا باراتتى. سودىگەر جاۋاھىر ئۈچۈن غەۋۋاسلارغا بىرنەچچە دەرەم پۇل بېرەتتى. غەۋۋاسلار بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، يۈزمىڭلارچە جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن دەريانىڭ تېگىگە يېتەتتى. ئۇ يەردىكى سەدەپلەرنى ئېلىپ چىقىپ سودىگەرگە بېرەتتى. ئۇ سەدەپلەرنىڭ ئىچىدىن يا ئۇششاق ئۈنچىلەر چىقاتتى ياكى بولمىسا بىرەر چوڭ گۆھەر تېپىلىپ قالاتتى. بۇنداق گۆھەرلەر شاھلار تاجىنىڭ شان ـ شەرىپى بولاتتى. لېكىن ئۇ غەۋۋاسلارنىڭ ئالىدىغىنى ئازغىنا ئىش ھەققىدىنلا ئىبارەت ئىدى. سودىگەر شۇ قەدەر قىممەتلىك بايلىقنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەۋۋاسلارغا بىر ـ ئىككى يارماقتىن پۇل بېرىپلا بولدى قىلاتتى. ھەر ھالدا ئۇ غەۋۋاسلار بىر ـ ئىككى يارماق بولسىمۇ ئىش ھەققى ئېلىپ بەھرىمەن بولىدۇ. لېكىن سەن ھۇمايغا ھېچكىم ھەق بەرمەيدۇ. ئىت يەيدىغان سۆڭەكلەرنى يەپ، نەپسىڭگە ئارام بېرىسەن. شۇڭا ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، بۇنداق بىھۇدە سۆزلەرنى قىلمىغىن. بۇنداق سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى خاتا.

## سودىگەرنىڭ ئۆلۈمى

ھىندىستان دىيارىدا بىر سودىگەر بار ئىدى. سودا ساھەسىدە

تەڭداشسىز ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە سودا دەسمايىسىنى كۆپەيتىش خىيالى كىرىۋېلىپ، خەتەرگە يولۇقۇش ئېھتىماللىقىنى يادىدىن چىقىرىپ قويىدى. سودىدا پايدا تېپىش ئۈچۈن بىر مەملىكەتتە تۆزۈكرەك ئون كۈن دەم ئالماي، تەرەپ ـ تەرەپكە سەپەر قىلاتتى. سودىگەر سۇ ئۈستىدە نەچچە يىللاپ ئاشۇنداق سەپەر قىلدى. دەريانى ھەرقانداق ئاپەتنىڭ ماكانى دەپ بىلسە بولىدۇ. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ سودا كېمىسى مەككە ئەتراپىدا سۇ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ سودا قىلدى. مەككىگە يېقىن كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلماي ياندى. ئۇنىڭ كېمىسىدىكى خالايىق سودىگەرگە:

— بۇ يەرگە كەلگەن بولغاندىكىن ھەج شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولغىن، — دەپ تەۋسىيە قىلىشتى.

لېكىن پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىك سودىگەرنىڭ ھەج قىلىشىغا يول بەرمىدى. بىر كۈنى دەريادا قاتتىق بوران چىقتى. دولقۇن پەيدا بولۇپ، كېمە گاھى پەسكە چۈشۈپ، گاھى ئېگىزگە سەكرەشكە باشلىدى. نەتىجىدە سودا ۋە پايدا قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ كېمىسى دەريادا غەرق بولۇپ تۈگەشتى. سودا خىيالى ھەجگە يول بەرمىگەن بۇ كىشى ئاخىر بىر بېلىققا غىزا بولدى.

## كۆكۈل ئەينىكى

مۇھەببەت سىرلىرىدىن سۆز ئاچقۇچىلار ئۆز قەلىمىدىن مۇنداق گۆھەرلەرنى تۆكتى:

بىر گۈزەل پادىشاھ بار ئىدى. ھۆسن ـ جامالدا شەرق قۇياشىدەك ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاي يۈزلۈك گۈزەللەر ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ كېلىشكەن قامەتلىرىگە

سەرۋىلەرمۇ بەند ئىدى. نۇرلۇق يۈزلىرى ئالدىدا قۇياشمۇ شەرمەندە ئىدى. يۈزلىرى پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالاتتى. چىرايىغا قاراش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىك غوۋغالىرى پۈتۈن جاھاننى قاپلىدى. ئىشقىنىڭ قاراقچىلىرى جانلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ جاھانغا زىننەت بەرگۈچى چىرايىدا يۈزمىڭلىغان ناز ۋە ئۇلۇغلۇق نامايان ئىدى. ئۇ پادىشاھ گاھى ئاتلىنىپ مەيدان ئىچىدە ئات چاپتۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان كىشى ئۇنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ، جېنىدىن جۇدا بولاتتى. مەيداندىن يانغاندا ئۇ پادىشاھنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ، ئۆلگەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن يوللار توسۇلۇپ، جاھان ئىچىدە ھەددىدىن تاشقىرى كۆچلۈك سۈرەن ـ چۇقان پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ زۇلمىدىن جاھان مەملىكىتى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايتتى. پادىشاھ خالايىقنىڭ ئۆلۈمىدىن مالال بولۇپ، كىشىلەرگە ئۆز چىرايىنى ئەينەن كۆرسەتمەسلىك نىيىتىگە كەلدى. شۇڭا پەرمان چۈشۈرۈپ بىر ئەينەك تەييار قىلدۇرۇپ، تەختىنىڭ ئالدىغا ئورناتتى. ئاندىن قەسرىنىڭ ئالدىدا بىر ئورۇن راسلاپ، ئۇ يەرگە جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياشتەك بىر ئەينەكنى ئورناتقۇزدى. بۇ ئەينەك ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن شاھنىڭ ھۆسنىدىن ھېچكىم مەنپەئەت ئالالمىغانىدى. ئەينەك تەييار بولغاندىن كېيىن پادىشاھمۇ ئەينەكتىن ئۆز ھۆسنىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. خالايىقمۇ پادىشاھنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ، مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بولدى. بۇ گۈزەللىكتىن ئۆزىمۇ بەھرىمەن بولدى. باشقىلارمۇ بەھرىمەن بولدى.

ئەي مەسلەك ئىگىسى، سەنمۇ كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئەينەك دەپ خىيال قىلغىن. ئۇ پادىشاھ ئۆز جامالىنىڭ ئەكسىنى سېنىڭ

ئاشۇ كۆڭۈل ئەينىكىڭگە سالىدۇ. تېنىڭ قەسرىدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىڭگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن. سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى پاك تۇتقىن. ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. سەن ئۇ ئەينەككە ئۇدۇل تۇرۇپ، سولماس گۈزەللىكنى تاماشا قىلغىن. كۆڭۈل ئەينىكىڭ قانچە پاك ۋە روشەن بولسا، ئۇ گۈزەل ھۆسنمۇ ئۇنىڭدا شۇنچە نۇقسانسىز ئەكس ئېتىدۇ.

# ئۇلۇغلۇق دەرگاھى

ھەزرىتى بايەزىد بىر كېچىسى خىلۋەتتىن سىرتقا چىققانىدى. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم، ھېسسىياتچان كىشى ئىدى. بۇ كېچە ئەتراپ ئاي نۇرى بىلەن شۇقەدەر يورۇپ كەتكەنىدىكى، بۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان بايەزىدنىڭ ئەتراپىدا پايانسىز كۆرۈنەتتى. دېڭىزدەك كۆپكۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار شۇ قەدەر تاۋلىنىپ تۇراتتىكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر پاك گۆھەردەك نۇر چاچماقتا ئىدى. پەلەكتىن ئىبارەت بۇ ئالىي بارگاھ شۇ قەدەر يۈكسەك ۋە چەكسىز قىلىپ يارىتىلغانىدىكى، ئۇنىڭ ھەددى - پايانىنى بىلىشتە ئەقىل ئاجىز، ئىدراكمۇ يېتەرسىز ئىدى. ھەزرىتى بايەزىد بۇ ئالىي بارگاھ ئىچىدە قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر مەخلۇقات ئىزناسىنى ئۇچرىتالمىدى. كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن قانچىلىغان شەھەر، دەشت ۋە تاغلارنى ئايلىنىپ ئاختۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مەخلۇقاتتىن نىشانە تاپالمىدى. ئۆزىدىن باشقا بىرەر ناتىۋانىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى.

—— ئەي تەڭرىم، —— دېدى بايەزىد ھەيران بولغان ھالدا، —— بۇ بارگاھ نېمە ئۈچۈن دەرد ۋە ئىشتىياق ئەھلىدىن خالىيدۇر؟

بايەزىدكە غايىبتىن مۇنداق جاۋاب ئاڭلاندى: «سەن بۇ دەرگاھتىن خەۋەردار بولغىنىكى، بۇ ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق دەرگاھىدۇر. بۇنداق دەرگاھقا ھەرقانداق كىشىنىڭ يول تاپالىشى ناتايىن. ئۇ شاھنىڭ ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق ھەرىمىنىڭ پايانى يوق، بۇ ھەرەمگە مەھرەم بولۇشقا ھېچ كىشىنىڭ ئىمكانى يوق. تەلەپكارلار ئۆمۈر بويى بۇ يولدا جان پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ

بەخت ۋە دۆلەتكە يېتەلىشى مۇشكۇل».

## شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير[1] نىڭ ھېكايىسى

ھەقىقەت سىرلىرىنى بىلگەن بۇ تەقۋادار شەيخ ئىشق يولىدىكى مەنزىل ھەم ۋادىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يار ۋىسالىدىن نېسىۋىگە ئېرىشكەنىدى.

دەسلىپىدە ئۇ ئىشق تۇپەيلىدىن ئىنتايىن بىچارە ۋە غەمكىن بولدى. يۈز خىل بالا ـ قازا تىغلىرى بىلەن باغرى تىلىندى. زەئىپلىك ئۇنى ئەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ئاھۇ ئەپغاندىن ئۆزگە ئىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جېنىغا ئىشق چاقمىقىدىن ئوت چۈشكەنىدى. بۇ ئوتنىڭ يالقۇنلىرىدا شەيخنىڭ مەجرۇھ جىسمى ئۆرتەنگەنىدى. ئۇنىڭغا كېچە ئۇيقۇ، كۈندۈزى ئارام يوق ئىدى. ھەر دائىم ئىشقنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. كۈندۈزنى يارنىڭ زىكرى ۋە پىكرى بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھىجران ئازابى تۇپەيلىدىن كېچىلىرى شەھەردە تۇرالماي، ئۆزىنى تاغ ۋە دەشت ـ باياۋانلارغا تاشلايتتى.

ئۇ دەۋردە بىر ۋەيرانە جاي بار ئىدى، ئۇ خۇددى ھۇۋقۇشنىڭ قەسرىدەك ۋەيرانە ۋە تاشلاندۇق بىر كۆلبە ئىدى. بۇ ۋەيرانە جايدا بىر چوڭقۇر قۇدۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ چەكسىز سۈيىگە ھەرقانداق كىشىنىڭ شادلىقى غەرق بولۇپ كېتەتتى. شەيخ بۇ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىلغان ھالدا زار ـ زار يىغلايتتى. قۇدۇققا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تاڭ ئاتقۇچە ئاھۇئەپغان بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزەتتى. شەيخ بۇ ئىشق دەھشەتلىرى ئىچىدە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ ئارزۇ ـ

---

[1] خۇراساننىڭ مېھنە دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەيخ، ئۇ مىلادىيە 1048 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئارمانىغا يېتەلمەيتتى. بەلكى ئىشقىنىڭ بالا ـ قازالىرى ئۇنىڭ جىسمىنى ناتىۋان قىلاتتى، ئۇ نالە ـ زار قىلىپ ھالىدىن كېتەتتى.
شەيخ ھىجران ئىچىدە نەچچە يىل ئەنە شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا ئۆتتى. ئۇ ئاخىر ۋىسال شارابىنى ئىچتى. ئەي ھەۋەسكار، ئىشق ئىچىدە ئەرەنلەرنىڭ ئىشى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. كىشى ئۆلمىگۈچە بۇنداق ئەبەدىي دۆلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

## ئەبۇ تۇراب نەخشەبىنىڭ ھېكايىسى

ھەقىقەت ھالقىسىنىڭ پاك ساماچىسى بولغان ئەبۇ تۇراب نەخشەبى [نەخشەب (ھازىرقى قەرشى) شەھىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەيخ] تەڭرى دەرگاھىغا يەتكەن زات ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر مۇرىتىنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا نەزەر سالدى. ئۇ مۇرىت ھەرخىل زىبۇزىننەتلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلىغانىدى. ئۇنىڭ دەرۋىشلىك كىيىمى بولغان خىرقىسى ساپ ماتادىن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق رەڭلەر بىلەن نەقىش ئىشلەپ، گۈل چېكىلگەنىدى. ئۇ مۇرىتنىڭ نەپسى گۈزەللىككە مايىل بولغانىدى. شۇڭا ئۇ پەقىرلىق ئىچىدىمۇ لىباسىنى زىننەتلىگەنىدى.
پىر ئۇنىڭ بۇ خىل ھاۋايى ـ ھەۋەستىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆپ رىيازەت ۋە مۇشكۈلچىلىكلەرنى بۇيرۇدى. بىراق ئۇنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. مۇرشىدى كامىل بۇ مۇرىتنىڭ بېشىدىكى بۇ ۋەسۋەسىلەرنىڭ تېخىچە يوقالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىر مۇنداق پەرمان قىلدى:
— سەن قۇشخانىغا بېرىپ، قاسساپنىڭ ئالدىدىن ھەر كۈنى بىر سېۋەتتە قوينىڭ ئىچ ئەزالىرىنى پۈتۈن قان ـ يىرىڭ ۋە نىجاسەتلىرى بىلەن قوشۇپ، بېشىڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئەكەلگەن. شۇ تەقلىدتە ھەر كۈنلۈكى ئۆز نەپسىنىڭ بىلەن جەڭ قىلغىن.

باشقا مۇرىتلار بۇ مۇرىتنى قۇشخانىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇلار قاسساپتىن نەچچە قوينىڭ ئۆپكە ـ قېرىن، جىگەر ـ ئۈچەي قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى قان ـ يىرىڭ ۋە نىجاسەتلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، بىر سېۋەتكە قاچىلىدى. ئاندىن ئۇ سېۋەتنى مۇرىتنىڭ بېشىغا قويىدى ۋە مۇرىتقا سېۋەتنى مەھكەم تۇتۇشنى بۇيرۇدى. مۇرىت بۇ مەينەتچىلىك ۋە مۇشەققەتلەر تۈپەيلىدىن قان ـ زەرداب يۇتتى. ئۇنىڭ سەللىسىدىن قان ـ زەرداب ۋە نىجىس سۇلار تامچىلاپ تۇراتتى. مۇرىت سېۋەتنى ئاشۇ ھالەتتە نەسەفنەسەف (ئوتتۇرا ئاسىيا ‹ماۋەرائۇننەھر›دىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر تارىختا «نەسەف»، «نەخشەب» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ھازىر «قەرشى شەھىرى» دېيىلىدۇ) بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ شەيخنىڭ قارارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نەپسىگە قاتتىق ھاقارەت يەتتى. مۇرىت بۇ ئىشنى نەچچە كۈنگىچە داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ خىرقىسى ۋە دەستارلىرىدا گۈزەللىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. رەنالىق ۋە زىبالىق ھەۋەسلىرىمۇ ئۇنىڭ بېشىدىن چىقىپ كەتتى.

ۋاقتىكى، بۇ مېھنەت ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇنىڭ نەپسى ھالاك بولدى. مۇرشىدى كامىل شۇندىن كېيىن ئۇ مۇرىتنى غۇسلە قىلىپ، پاكىز بولۇشقا بۇيرۇدى. مۇرشىد ئۇنىڭدىكى ئىللەتنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ساقايتتى. كېيىن بۇ مۇرىتمۇ ۋىسال ئايۋىنىغا قەدەم قويدى. ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەلەپ ۋە مۇرادلىرىنىڭ ھاسىلاتلىرىغا ئېرىشتى.

ئەمدى سەنمۇ نەپسىڭنى مۇشۇنداق رەنج ـ مۇشەققەتكە دۇچار قىلغىن. شۇنىڭ بەدىلىگە سەن گەنج ۋە خەزىنىلەرگە ئېرىشىسەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۆزۈڭنى ھالاك بولدۇم دەپ بىلگىن، تۇراقسىزلىق، ئۆزگىرىشچانلىق دوزىخىدا كۆيۈۋاتىمەن دەپ

ھېسابلىغىن.

## دەرۋىش بىلەن پادىشاھ

بىر زالىم پادىشاھ بار ئىدى. ئىنتايىن قانخور، بۇلاڭچى ۋە بىھايا ئىدى. دائىم غەرق مەست يۈرەتتى. زالىم نەپسى ئۇنى ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا، بويۇن تولغىماستىن تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئەيش ـ ئىشرەت جامىدىن مەي ئىچىۋاتقىنىدا، كوچىدىن جەندە كىيگەن ئىككى نەپەر دەرۋىشنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەم دوست، ھەمنەپەس، ھەم سىرداش ئىدى، ھەم بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ۋە غەمگۈزار ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپكە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتاتتى. پادىشاھ ئۇلارنى چاقىرتىپ بىرىدىن سورىدى:

— سىنىڭ بۇ سەپەردىشىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ ماڭا ئېيتىپ بەر.

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت، — دېدى ئۇ دەرۋىش پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ، — دوستلۇق، ھەمدەملىك، ھەمكارلىق ۋە بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش، بارچە ئىشتا ئورتاق بولۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

— ئەي يولۇچى، — دېدى ئۇ غەپلەت بىلەن مەست بولغان پادىشاھ، — ياخشىلىق جەھەتتە مەن ئارتۇقمۇ ياكى بۇ دوستۇڭمۇ؟

جەندە كىيگەن بۇ دەرۋىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالىدىن نېمىنى بىلسەم شۇنى ئەينەن بايان قىلىمەن، ھەر ئىككى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە ئۆزۈڭ ھۆكۈم چىقارغايسەن. ئەي تاجدار، ئالدى بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باققىن. سەن گەرچە بىر ئەلگە پادىشاھ بولساڭمۇ،

لېكىن ئۆزۈڭ تەڭرى يولىدىن بىخەۋەرسەن. ھەق يولىدىن ئازغان ئادەمسەن. كېچە ـ كۈندۈز تەڭرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپ ئىشلار بىلەن مەشغۇلسەن. بۇ دەرۋىش گەرچە گاداي بولسىمۇ، لېكىن تەڭرىنىڭ پەرمانىنى ياخشى ئادا قىلىدۇ. ھەق يولىدىن تاشقىرى قەدەم باسمايدۇ. بەلكى ھەقنىڭ ئەمرىسىز تىن تارتمايدۇ. سەن پادىشاھ تۇرۇقلۇق نەپسىڭگە يېڭىلىپ، خارۇزار بولماقتىسەن. بۇ دوستۇم گاداي بولسىمۇ، لېكىن نەپسىنى يېڭىپ ئەسىر قىلدى. بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالى شۇكى، بۇ دوستۇم گادايلىقتا، سەن پادىشاھلىقتا ئۆتىسىلەر. ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن بۇ گاداي پادىشاھ بولىدۇ؛ سەن بولساڭ گاداي بولىسەن. چۈنكى بۇ توغرا يولدا ماڭدى. سەن غەپلەت ۋە مەستلىك بىلەن ھايات كەچۈردۈڭ.

توغرا يولنىڭ پىر ـ ئۇستازى بولغان بۇ دەرۋىش يۇقىرىقىدەك ھېكمەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سەسكىنىپ ئويغاندى. مەستلىكتىن يېشىلىپ ھوشيار بولدى. ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بىدار بولدى. شاھلىقتىن نومۇس قىلىپ، زەرباپ تونلىرىنى سېلىۋەتتى. جەندە كىيىپ دەرۋىش بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەڭرىدىن سەزگۈرلۈك يېتىپ، شۇنى بىلىۋالدىكى، ئەسلىدە دەرۋىشلىك ھەقىقىي شاھلىق ئىكەن.

## ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانى[1] مۇرىتلىرىنىڭ ھېكايىتى

ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلھەسەن خەرەقانىنىڭ بىر مۇرىتى ئۆزىنىڭ سۈلۈك ۋە تائەت ـ ئىبادىتىدىن نائۈمىد بولۇپ، شەيخنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. مۇرىت ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ شەيخقە مۇنداق دېدى:

[1] خۇراسانلىق مەشھۇر شەيخ. ئۇ مىلادىيە 1033 ـ 1034 ـ يىللار ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان.

— شەيتان ئۆزىنىڭ كۆپ ھۈنەر ۋە مىكىرلىرىنى ئىشقا سالماقتا، كۆڭلۈمگە خۇددى يول توسار قاراقچىدەك كىرىۋېلىپ، مېنى بارلىق ياخشى ئىشلاردىن توسماقتا. ئۇنىڭدىن نامىزىمغا قۇسۇر يەتمەكتە. قىلغان ھەربىر ئىشىمغا زىيان ـ زەخمەت كەلمەكتە.

— ئەي زالىم، — دېدى شەيخ مۇرتقا، — سېنىڭ جەبىر ـ زۇلۇم تىغلىرىڭ بىلەن شەيتاننىڭ دىلىمۇ يارىلاندى. سېنىڭ جەبىر ـ جاپالىرىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، شەيتانمۇ ھەرخىل گەپلەرنى قىلدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «تەڭرى ئەزەلدىن ماڭا ھىيلە ـ مىكىر بىلەن كىشىلەرنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى نېسىپ قىلغانىدى. مەن ئادەملەرنى گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىك تەرىپىگە باشلايمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئەيىب ـ نۇقسان ۋادىسىغا ئېلىپ كىرىمەن. سەنمۇ ئاشۇنداق مۇرتتىن بىرنى تەربىيىلەپسەنكى، بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭدا مەندىن يۈز ھەسسە زىيادىرەك بار ئىكەن. مەن ھەر دائىم ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولغان بۇ مۇرتىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ۋەسۋەسىنى سالاي دېسەم، مەن قىلدۇرماقچى بولغان يامان ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ھەتتا مېنىڭ خىيالىمغا كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىپلاس قىلىقلار ۋە قەبىھ قىلمىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاللىقاچان ئورۇنلىشىپ بولغان بولۇپ چىقىدۇ.» شەيتان سېنىڭ ھەققىڭدە ئاشۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ساڭا پىر ـ ئۇستاز بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭىمۇ كۆپ ئاپىرىنلار ئېيتتى. سېنىڭ ئاشۇ مەككارلىقىڭ ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىڭگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. چۈنكى ساڭا پىر بولغانلىقىم ئۈچۈن مەنمۇ شەيتاننىڭ رەھمەت ۋە باركاللىسىغا ئىگە بولۇپ قالدىم.

مۇرت شەيخكە:

— شەيتان ماڭا تۆھمەت قىپتۇ. ئەسلىدە مېنى يامان ئىشلارغا ئىلھاملاندۇرۇپ، يېتەكلىگىنى ئاشۇ ئۆزى ئىدى، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى شەيخ يەنىلا تەنبىھ قىلىپ، — سەن شەيتان بىلەن بۇ ئىشتا تالاش - تارتىش قىلىۋاتىسەن. مەن ئىككىڭلارنىڭ ئاراڭلارغا چۈشۈپ، ھەربىرىڭلارنىڭ ئەرزىڭلارنى ئاڭلىدىم. ئەمدى بۇ دەۋايىڭلارغا ھۆكۈم چىقارغۇچىمۇ بولۇپ بېرەي. مېنىڭ ھۆكمىم شۇكى، سەن شەيتاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇقراق ئۇياتسىز ئىكەنسەن.

## بايلىق دېگەن...

بەسرە شەھرىدە بىر يارىماس، بېخىل كىشى بار ئىدى. ئۇ نادانلىق بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش يىغىشتا تەڭداشسىز ئىدى. دۇنيا ۋە مال - مۈلۈك يىغىشتا ئۇنىڭ بېخىللىق داڭقى ھاتەمنىڭ سېخىيلىق داڭقىدىنمۇ كەڭرەك تارقالغانىدى. ئۇ ئاچ كۆز كىشى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئۇستى - ئۇستىلەپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى توپلايتتى. ئۇنىڭ توپلىغان مال - دۇنيالىرى ھەددى - ھېسابسىز كۆپەيدى. ئۇ ئاچ كۆز يەر ئاستىدا يوشۇرۇن خەزىنىلەرنى تەييار قىلىپ، مال - مۈلۈك ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى يوشۇراتتى. شۇنچىۋالا بايلىقلارغىمۇ كۆزى تويمىغان بۇ پەس مىجەزلىك كىشى بىرمۇنچە ئالتۇن، تىللا ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بوينىغا ئېسىۋالغانىدى. بۇ بايلىقلارنى ئۇ تويمىغۇر ئادەم خۇددى پەلەك كۈندۈزى يۇلتۇزلارنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇپ، بويىنىدا ساقلايتتى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ بايلىقلار مېنىڭ تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ ساقلىقى ۋە راھىتىدۇر دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىشى مال سودىسى بىلەن دەريا لېۋىگە

باردى. بىرمۇنچە هارام بايلىقنى قولغا چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇ يەردە ساقلاپ تاماق يېدى. ئاندىن قولىنى يۇماقچى بولۇپ دەريا سۈيىگە ئېڭىشكەندى، بويىنىدىكى ئالتۇن ۋە تىللا جاۋاھىرلىرى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى رۇسلىيالماي دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ قىلىقسىز كىشى ئۆزى ئېرىشكەن بايلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ھايال ئۆتمەيلا دەريا تېگىگە چۆكۈپ كەتتى، ئۇ نەسلى پەس شۇنچە تېپىرلاپ باقتى، بىرەرسىنىڭ ئۆزىگە ئارغامچا تاشلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، جېنىنىڭ بارىچە تەلپۈندى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يارىماسنى دەريادىن سۈزۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئېرىشكەن بايلىقلىرى ئۇنى شۇنچە تېزلىكتە سۇ ئاستىغا ئەكىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئالتۇن - تىللالىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى سۇ تېگىدە مال - دۇنيا قاتارىدىكى سەدەپكە ئوخشاش قېپقالدى.

ئۇ ئادەمنىڭ جېنىغا ئاپەت يەتكۈزگىنى ئەلۋەتتە ئۆزى يىغقان بايلىق ئىدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇپ قويغان يەر ئاستىدىكى خەزىنىلىرىمۇ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. ئالتۇن - كۈمۈش يىغىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق مۇدھىش بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ سەۋداسىدىن قول ئۈزگىن، بايلىق تەرەپكە ھەرگىز مايىل بولۇپ كەتمىگىن، چۈنكى بايلىق دېگەن يوقلۇق دېڭىزى بولغان دۇنيانىڭ گىردابىدۇر.

## پۇشايمان پايدا بەرمەس

بىر قەلەندەر بار ئىدى. دائىم مەست - گاراڭ يۈرەتتى. ئۇ بەڭ خىيالى بىلەن ئۆزىنى يوقاتقانىدى. كېچە - كۈندۈز بەڭ چېكىپ ھوشسىز يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى خۇددى بۇ ئالەمنى تەرك ئەتكەن بىر شەيخكە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كېچە -

كۈندۈز خىيال قىلىدىغىنى شاراب بىلەن نەشە ئىدى. بەك چېكىپ مەست بولۇپ، قۇرۇق خىياللارنى قىلاتتى. خىيال بىلەن راھەتلىنىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بەڭنى ئادەتتىكىدىنمۇ كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، سەيلە قىلىش ھەۋىسى بىلەن بىر خارابىلىككە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خىيال ئالەمىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنى سەيلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەستلىكتە ئۆزىنى بىر گۈلشەندە دەپ خىيال قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بارلىق ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ئەسلىھەلىرى تەپمۇتەق تۇرغانمىش. ئۆزى بىر ئالىي قەسىرگە ئورۇنلاشقانمىش. ئۇ قەسىر كۆركەملىكتە ۋە زىبۇزىننەت جەھەتتە مەشھۇر رەسسام مانىينىڭ سۈرەتخانىسىدىنمۇ گۈزەلمىش. ئۇ بەڭگى بارا ـ بارا ئۆزىنى شاھ جەمشىدنىڭ تەختىدەك ئالىي بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل قىز بارمىش. ئۇ ئاشۇ قىز بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلىۋاتقانمىش. ئۇ بەڭگى ئاشۇنداق خىيال بىلەن ئۆزىنى ئالىي تۆشەكتە لەززەتلىنىپ يېتىۋاتىمەن دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا ئاشۇ كونا تاملىقتا ئىدى. ئۇ ھوشسىزلىقتا بۇ كونا تاملىقنى ئالىي قەسىر دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ئۇ ۋەيرانە جاينىڭ بۇلۇڭىدىن بىر چايان چىقىپ كەلدى. ئۇ زەھەرلىك نەشتىرىنى ھەر تەرەپكە سانجىپ، ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ھېلىقى قەلەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى. چايان ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن نەشتەر سانجىشقا باشلىدى. ئۇ قەلەندەر يەنىلا ھېلىقى گۈل يۈزلۈك قىز بىلەن سۆيۈشۈۋاتىمەن دەپ خىيال قىلاتتى. چايان ئۇنىڭ ئەرلىك ئەزاسىغا نەشتەر سانجىدى. لېكىن ئۇ بەڭگى بۇنى بىلمەستىن ئۆزىنى ئاشۇ گۈزەل قىزنىڭ ۋىسالىدىن لەززەت ئېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن پۈتكۈل ئارزۇلىرىغا قېنىپ، كۆڭۈل

ئىستەكلىرىنى تامامەن ھاسىل قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ تېنىگە چايانىنىڭ زەھىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قەلەندەر ھوشىغا كېلىپ، تېپىرلاشقا باشلىدى. ۋارقىراپ نالە ـ پەرياد كۆتۈردى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىزتىراپقا چۈشۈپ، بىتاقەت بولۇشقا باشلىدى. نەزم:

نې گۈلۈ گۈلشەن ئىدى، نې قەسرۇ تەخت،
نې يانىدا مەھۋەشى فىرۇزە بەخت.

قەلەندەر قارىسا، ئەتراپىدا گۈلمۇ يوق، گۈلشەنمۇ يوق، يېنىدا ئاي يۈزلۈك گۈزەلىمۇ يوق ئىدى. بۇ پاسىق خىياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. لېكىن تېنىدە چايانىنىڭ زەھىرى قېپقاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان خىياللىرىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما ۋاقتى ئۆتكەندە قىلغان پۇشايماننىڭ تېرىقتەك پايدىسى بولمىدى.

ئەي غاپىل، ساڭمۇ راستىنلا ئاشۇنداق ئەھۋال دۇچ كەپتۇ. مېڭەڭگە بۇزۇق خىياللار كىرىۋاپتۇ. قاچانكى ساڭمۇ ئەجەل نەشتىرى سانجىلغاندا، ئاندىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سەسكىنىپ ئويغىنىسەن، ئۇ چاغدا قىلغان پەرياد ـ پىغانلىرىڭ قىلچىلىك ئەسقاتمايدۇ. كېيىن ئەھۋالنى بىلگىنىڭدە جېنىڭنى پىراق ئازابى چىرمىۋالىدۇ.

## يىگىتنىڭ ئاشقلىقى

ئەرەستۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. دائىم دەرس ھالقىسىدا ئۆگىنىشكە مەشغۇل ئىدى. ئەرەستۇ ھېكىم ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيە قىلىپ، بارلىق

www.uyghurkitap.com

مەخپىي ئىلىملەردىن تەلىم بېرەتتى، ئۆگىتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىت ئەرەستۇنىڭ تۆت يۈز ھېكىم ۋە ئالىم شاگىرتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بىلىملىك، بارچىسىدىن دانا بولۇپ يېتىشتى. ئىلىم - ھېكمەتتە ئەرەستۇدىن قالسىلا ئاشۇ يىگىت تۇراتتى. ئەرەستۇ ھېكىمنىڭ كۆڭلىدە: «بۇ يىگىتنى ئىسكەندەرگە خاس مۇلازىم قىلىمەن» دېگەن خىيالى بار ئىدى. ئۆزى بىر ياقلارغا كەتكەندە بۇ شاگىرتىنى ئۆز ئورنىدا ئورۇنباسار قىلىپ قالدۇرماقچى ئىدى. بۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ مول ھېكمەتلىرى بىلەن ئەپلاتونغا ھەمكار بولۇپ، ئىسكەندەرگە ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دانىشمەن شاگىرت بىر يول بىلەن سىرتتىكى بىر يەرگە باردى. شۇ تۇپەيلىدىن ئۇ بىرسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئاي سۈپەت گۈزەل قىز ئىنتايىن تاش يۈرەك ئىدى. ئۇ ناز - كەرەشمە بىلەن كۆپلار بۇتخانىسىدىن چىقتى. يۈزىدىن نىقابنى ئېلىپ، بۇ شاگىرتنىڭ دىلىنى ۋە ئىمانىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇ يىگىت ئۇ كۈمۈش تەنلىك نازىنىننى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولدى. ئۇنىڭ ئىشقىدا زار بولدى. شۇندىن كېيىن يىگىت ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە بەل باغلاپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بىلەن ئارىغا كىشى قويدى. ھەددى - ھېسابسىز خەزىنە ۋە جاۋاھىراتلارنى خەجلەپ، ئۇ دىلرابانى ئۆزىگە رام قىلدى. ئاخىر نىكاھىغىمۇ ئالدى. يىگىت بۇ گۈزەل سەنەمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ گۈزەل قىزغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر شەيدا ۋە مەھلىيا بولۇپ كەتتىكى، كىتاب سەھىپىلىرىگە قاراپمۇ قويماستىن، ئاشۇ گۈزەلنىڭ چىرايىغا قاراپلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنىڭ رۇخسارىدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ ئۆز ئايالىغا مەستانە بولۇپ كەتكەچكە ئۆگىنىشتىنمۇ توختىدى.

ئەرەستۇ بۇ شاگىرتىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنى پەند ـ نەسىھەت بىلەن ئوقۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى. قانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يىگىتكە نەچچە يىلدىن بېرى ئۆگەتكەن ئىلىم ـ ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسى زايە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ تەڭداشسىز ئالىم قانچە ـ قانچە چارە ـ تەدبىر ۋە ئويى ـ پىكىرلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشقا ئۈنۈملۈك بىر چارە قىلالمىدى. ئەرەستۇ ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ چىقتى. بۇنى ئۇ شاگىرتىدىن مەخپىي تۇتتى.

ئەرەستۇ پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ، بىر خەتەرلىك دورىنى ئۇ گۈزەل نازىنىنغا يېگۈزۈۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئاي يۈزلۈك جانان ئاھۇ ئەيغان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىغا زەئىپلىك ئۈستىگە زەئىپلىك يۈزلەندى. ئاغرىق ئازابىدىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ يىگىت قانچىلىغان چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. يىگىت ئايالىنىڭ نالە ـ پەريادىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ رەنجۇ ئازابلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، يۈقىرى چەككە يەتتى. يىگىت شۇنىڭدىن كېيىن بىچارە بولۇپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خىجالەتچىلىك ۋە قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇستاز ئەرەستۇ بۇ شاگىرتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاگىرتىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

—— سەن بۈگۈن ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە بېرىۋەرگىن، مەن بۇ گۈزەلىڭنىڭ ئاغرىقىغا ئامال قىلىپ، ئۇنى ساقايتاي، —— دېدى ئەرەستۇ شاگىرتىغا.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كەتتى. ئەرەستۇ بۇ پەرى پەيكەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئىچمىنى كېسەلدىن

تازىلىغۇچى سۇرگە دورىلىرىنى تەييارلاپ ئىچۈردى. ئۇستاز ئۆز مۇلازىملىرىغا:

— سىلەر بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكتە ھوشيار ئولتۇرۇڭلار. بۇ ئاغرىقنىڭ ئىخراج قىلىنغانلىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تۆكمەي بىر ئىدىشقا يىغىپ ساقلاڭلار، — دېدى.

ئۇستاز بۇ كۆلىبىدىن چىقىشى ھامانلا، بۇ ئىخراج قىلغۇچى ئۆتكۈر دورىلار ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ نازىنىننىڭ ئىچكى ئەزاسىدىكى بارلىق غەلغەشلەرنى سۈرۈپ، ئىخراج قىلىپ، قەي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئەرەستۇ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى. ئىخراج سەۋەبىدىن ئۇ بىمارنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى. بىر تەرەپتىن قەي قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچى سۈرۈپ، جىسمىدا بىر قەترە قان ياكى بەلغەم ياكى سەۋدا ۋە ياكى سەپرا دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ ئاق بەدەنلىك گۈزەلنىڭ تېنى ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايىدىن رەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتتى.

كەچ كىرگەندە شاگىرت قايتىپ كەلدى. ئەرەستۇ ئۇنىڭغا:

— كىرىپ مەھبۇبەڭ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى.

يىگىت ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا قارىدى. ئۆيدە چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ھالسىزلانغان، كۆرۈمسىز بىر ئايال ياتاتتى. يىگىت ئۆز ئايالىنى تونۇيالمىدى.

— مېنىڭ گۈل بەدەنلىك، ئاي يۈزلۈك مەھبۇبەم قېنى؟! — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پەرياد قىلىپ.

دانىشمەن ھېكىم ئۆز شاگىرتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، مۇلازىملارغا بۇيرۇدى:

— بىمارنىڭ ئىخراج قىلغان غەلغەشلىرى ئېلىنغان

ئىدىشنى ئەكىلگىلار، بۇ شاگىرت ئۇنى كۆرسۇن. چۈنكى بۇ شاگىرتنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ئەنە شۇ غەلغەش ۋە قۇسۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىدىش كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل، ھەر قىسما قۇسۇقلار، قان، بەلغەملەر ۋە نىجىس، مەكرۇھ ماددىلار تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرى ئۆينى بىر ئالدى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى ئىلىشىپ، ئەتلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. شاگىرت بۇلارغا قاراپلا سەسكىنىپ كەتتى.

— ئەنە، ئالغىن، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا ئىدىشنى كۆرسىتىپ، — سېنىڭ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈك ئامرىقىڭ ئەنە ئاشۇ. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنە ئاشۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ كەلدىڭ.

يىگىت ئۇستازى ئالدىدا ئۇيالغىنىدىن يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى. ئەرەستۇ بۇ شاگىرتنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايالىڭغا چارە قوللاندىم. بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىدىم، — دېدى.

سېنىڭ ياخشى كۆرگەن مەشۇقۇڭمۇ بۇ ھېكايىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئەي ناپاك مەخلۇق، سېنىڭ بۇنداق ئاشىقلىقىڭ ھەقىقىي ئىشق ئىگىلىرى ئالدىدا ئۇياتتۇر.

## ۋىسال گۈلزارىغا يەتمىگۈچە

مىسىر شەھىرىدە بىر ئالىي ھىممەتلىك كىشى بار ئىدى. مەنىۋىيەت دۇنياسىدا ئۇ كىشى پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ راھەت -

پاراغەت ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى. خىيالىدا ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جەننەت قەسرىدەك بىر مەنزىلى بار ئىدى. ئۇ يەردە بىر ھۆر سۈپەتلىك گۈزەل ئۇنىڭ بىلەن ھەمخانە ئىدى. لېكىن ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پاك زات ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ دوستىمۇ، ئۈلپەتلىرىمۇ غەم بىلەن دەرد ـ ھەسرەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھىجران زىندانىدا گوياكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك مۇقىم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— كۆڭلۈڭگە ھەمىشە غەم ـ ئەندىشە ھەمراھ، ساڭا پۈتكۈل راھەت ـ پاراغەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى تەل، ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭگە ئازادىلىك ۋە شادلىق يېتىشى كېرەك ئىدى. سەن بىزگە شۇنى ئېنىق سۆزلەپ بەرگىن، شۇنچىۋالا پاراغەت شارائىتلىرىغا ئىگە تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن خاتىرەڭ بىردەم خۇشال ئەمەس. نېمىشقا غەمدىن ئۆزگە ھەمدىمىڭ يوق؟ — دەپ سوراشتى.

— بۇ جاھان تەرىقەت ئەھلىنىڭ زىندانىدۇر. چۈنكى بۇ ئالەمدە ھەقىقىي مەھبۇب كۆزدىن يىراقتۇر. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆڭۈل تىلىكىگە يېتىش كېرەك. كىشى زىنداندا قاچان خۇشال بولۇپ باقتى؟ غەم ئۆيىدە كىممۇ شادلىنالىسۇن؟ مەن مەھبۇبەمدىن ئايرىلىپ، دەرمانسىزلىقتا قالدىم. شۇڭا جەننەت بېغىدا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ جاي مەن ئۈچۈن زىنداندۇر. ۋىسال گۈلزارىغا يەتمىگۈچە، غەم تىكەنلىرىدىن خالاس بولالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى.

## ساداقەتمەن ئاشىق

سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم پانى بولسا تەرىقەت ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ پىر ـ ئۇستازى، ھەق يولىنىڭ

يىقىن مەھرىمى، ساداقەتمەنلىك يولىنىڭ خالىس ۋە سادىق ۋەكىلى ئىدى. ھەزرىتى شاھ ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم تەخىرىتائالا يولىدا شاھلىق تەختىنى ۋە بېشىدىكى تاج ـ دۆلىتىنى تاشلاپ، جەندە ۋە كۇلاھ كىيىپ، تەخرىگە يۈزمىڭ ھاجەتمەنلىكلەرنى ئىزھار قىلدى. ئۇ ساداقەتمەن پادىشاھ يولغا چۈشۈپ، بەلختىن نىشاپۇرغا سەپەر قىلدى. ئۆز شاھلىقىنى ئۆزى ۋەيران قىلدى. شۇنداق قىلىپ، نىشاپۇردىن ئىبارەت بۇ ماكان بۇ پاك گۆھەرگە كان بولدى. سۇلتان ئۇ يەردە يەتتە يىل ماكان تۇتتى: كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى تىك تۇرۇپ ئىبادەت قىلدى. كۈندۈزى ئۇ ۋادىدىن خەس ـ خەشەكلەرنى يىغىپ، بىر قۇچاقتىن باغلايتتى. ئۇنى مەردانىلەرچە يۈدۈپ، بازارغا ئەكىرىپ ساتاتتى، پۇلىغا ئىپتارلىق سېتىۋالاتتى. بىر لوقما ھالال تاماقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ رىيازەت چېكەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جىسمى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، ناتىۋان ھالغا چۈشتى.

بىر كۈنى ئۇ خەزىنىلەر كانى بولغان سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم ئۈچىسىدا بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ، جىسمى رەنجۇ ئەلەمگە پاتقان ھالدا ئاشۇ ھالال كەسپى ئۈچۈن شەھەرگە كىردى. زامان پېشۋالىرىدىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭ تەرىقەت مەسىلەكلىرىدىكى ئەھۋالىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ئارقىسىغا چۈشتى. بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلاردىن بىرى ئىبراھىم ئەدھەمگە بىر مۇشت ئۇردى. پېقىرلىق ۋە يوقلۇق يولىغا كىرگەن بۇ بىچارە ئۇلارغا:

— مەن بەلخنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، سەن مەندىن تالىشىدىغان نەرسە ئىلگىرىكى ئاشۇ يەردە قالدى، — دېدى ـ دە، كەتتى.

ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ ئوتۇننىڭ ئاستىدا بۇ تېخى پىشىپ يېتىلمەپتۇ. چۈنكى بەلخ تېخى ئۇنىڭ يادىدىن

چىقماپتۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆڭۈلسىز خاتىرىسىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يادىدىن مۈلۈك ۋە مەملىكەتنى چىقىرىپ كېتىشى، كۆڭلىنىڭ غەيرىيدىن تازىلىنىشى ئۈچۈن، يەنە بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىشىگە توغرا كەلگۈدەك» دېيىشتى.

بىر يىلدىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە پىشۋا سۇلتان ئىبراھىمنى يەنە تاپتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك زەئىپ ۋە ناتىۋان ھالەتتە ئوتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىم ئەدھەمنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇشت ئۇردى. بۇ قېتىم ئۇ ئۇن - تىن چىقارمىدى. بۇ پىشۋالار شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ: «بۇ ئەمدى تەرىقەت ئادەتلىرى بىلەن مۇرادىنى تېپىپتۇ. سۇلۇك ئىچىدە ئۇنىڭ ئىشلىرى تامام بوپتۇ» دېيىشتى. ئۇلار بۇ ئىشتا تەڭرىگە شۈكرىلەرنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزلىرىنى سۇلتانغا تونۇشتۇردى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئىبراھىمنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە بىر - بىرىگە ھەمدەم، ھەمئەسرار بولۇشۇپ، كەبىگە سەپەر قىلدى. چۈنكى شاھ ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھلىقى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. پىشۋالار بۇنى سېزىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەيرىينىڭ ئەس - يادى ساقلىنىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئىلاھىي سىرلارنى بىلىشىگە بۇ خىل خىياللار خۇددى پەردىگە ئوخشاش توسالغۇ بولغان بولاتتى. غەيرىي خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي يوقالغانلىقى، مەنمەنلىك پەردىسىنى چۇرۇپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ تۆرىگە يول تاپالىدى.

كىمكى ئاشۇنداق يوقلۇق مەنزىلىگە يېتىپ بارالىسا، ئاندىن ئۇنى پاك ۋە ساداقەتمەن ئاشىق دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يول ھەۋەسكارلار كىرىدىغان يول ئەمەس.

## ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد پارسا[1] نىڭ كارامىتى

دىنپەرۋەر ۋە ئالىي نەسەبلىك خوجا مۇھەممەد پارسا بۈيۈك مەككە سەپىرىگە تەييار ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كەبىسى بولغان مۇقەددەس جايىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتى. خوجا ئەبۇ نەسىر خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ ئوغلى. ئۇ مىلادىيە 1460 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ پەرزەنتى، خىزمەتكارى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى ئىدى.

ۋاقىتىكى، ئەسلىي مەقسەت ھاسىل بولدى. ئۇلار بۈيۈك تەڭرىگە شۈكۈر ـ سانا ئادا قىلىشتى، پەرھىزلەرنى ئادا قىلىشتى. خالايىق مەسلىھەتلىشىپ، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ھەج تاۋاپلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. دۇئانى باشلاپ بېرىشكە ھەممىسى ئالىي نەسەبلىك خوجا مۇھەممەد پارسانى تەكلىپ قىلىشتى. ھەقنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئالتە يۈزمىڭ يولۇچى خوجىغا بۇ ئىلتىماسنى ئىزھار قىلدى.

«قۇدسىيە»، «فەسلۇل خىتاب» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى بولغان بۇ خوجا جامائەتكە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىلەر مېنى بۇ ئىشقا لايىق كۆرگەن بولساڭلار، مەن بۇ تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزگە يولغا قەدەم باسمايمەن. بىراق بۇ ئىشنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغۇچى كىشى پەزىلەت ۋە كامالەتتە شەك ـ شۈبھىسىز يۈكسەك ۋە ئىنساپ ئالىمىدە يەككە ـ يېگانە بولۇشى زۆرۈر. شۇڭا بۇ ئىشقا خوجا ئەبۇ نەسىر مەندىنمۇ بەكرەك لايىق ۋە مۇناسىپتۇر. بۇ زامانە ئەھلىنىڭ ھەجلىرىنىڭ

---

[1] خوجا مۇھەممەد پارسا — بۇخارالىق مەشھۇر شەيخ، خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندىنىڭ شاگىرتى، ئۇ مىلادىيە 1419 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مەقبۇل بولۇشىغا ئەڭ ياخشىسى شۇ دۇئا قىلسۇن.

خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ پىكرى بويىچە كىشىلەر خوجا ئەبۇ نەسىرنى ئەلنىڭ دۇئاسىغا تەكلىپ قىلدى. خوجا پارسانىڭ ئىنساپ ۋە ئېھسانلىرىدىن كىشىلەر تەسىرلىنىشتى. خوجا ئەبۇ نەسىر مۇنبەرگە چىقىپ ئەلنىڭ دۇئاسى ئۈچۈن قول كۆتۈردى. دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئوقۇپ، خالايىق ئۈچۈن ھاجەتلەرنى ئىزھار قىلدى. خوجا پارسا بولسا مۇنبەر تۈۋىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا چىن دىلىدىن «ئامىن» دەپ تۇراتتى. دۇئا ئاخىرىدا مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغان ئەبۇ نەسىر مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئەگەر مېنىڭ دۇئا ۋە تەلەپلىرىمنى لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرمىسەڭمۇ، لېكىن پەستە تۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ «ئامىن»نى زايە قىلمىغايسەن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئالتە يۈز مىڭ كىشى چوڭىدىن كىچىكىگىچە پەرياد چېكىپ، زار - زار يىغلاشتى. ئۇلار بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالىي سۈپەتلىرىگە، يەنى ئاتا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئىنساپىغا ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتىشتى.

بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىنساپتىنمۇ ياخشىراق سۈپەت يوق. بۇنى پەقەت مەرىپەتسىز كىشىلەرلا سېزەلمەيدۇ.

## تەلەپ ۋادىسىنىڭ سۈپەتلىرى

تەلەپ ۋادىسىغا قەدەم قويساڭ، ئالدىڭدا ھەر نەپەستە يۈزمىڭ دەرد - ئەلەملەرگە دۇچار بولىسەن. ھەر قەدەمدە يۈزلىگەن قىيىنچىلىق، مىڭلىغان ئاجايىپ ھالەتلەر يۈزلىنىدۇ. تەلەپ قىلىشىنىڭ رەنجۇ مۇشەققەتلىرى كۆڭلۈڭنى زار ۋە ئىنتىزار قىلىدۇ. لېكىن، تاپالماسلىق ئەلەملىرى روھىڭنى مەجرۇھ قىلىدۇ. مەھرۇملۇق بىلەن جېنىڭنى كۆيدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ۋىسال ئۈمىدى ساڭا مەلۇم بولمايدۇ. مۇشەققەت ۋە كۈلپەتلەر



www.uyghurkitap.com

جىسمىڭغا نەشتەر سانجىيدۇ. ھېسابسىز ئېغىر دەرد ـ ئەلەملەر ۋۇجۇدۇڭنى پارە ـ پارە قىلىدۇ. سەن ئۇ تېپىلغۇسىز گۆھەرنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىسەن. لېكىن ئۇنى تاپالمايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەسلىھەلىرىنى تەرك ئەتمەك زۆرۈر. سۇلۇك ئەھلى ئۆز يولىغا توسقۇن بولىدىغان مال ـ مۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئەگەر سەن ئالەم ماتاسىدىن پۈتكەن بوينى تاشلاپ، ئۆزۈڭنى مەقسەت مەنزىلىگە باشلىساڭ، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا بۇ ئالەم بايلىقلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمىسا، ساڭا باشقىچە ھالەتلەر يۈزلىنىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن خەزىنىدىن سېنىڭ ۋەيرانە ۋۇجۇدۇڭغا مەنپەئەت يېتىدۇ. ئۇ زاتنىڭ نۇرىدىن جېنىڭغا يورۇقلۇق چۈشىدۇ. ئۇ يورۇقلۇق ئىشتىياق ئوتلىرىڭنى ئۇلغايتىدۇ، تەلەپ تۇلپىرىڭنى تېزلىتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزۈڭدە بىر تەرەپ ئورنىغا يۈز تەلەپنى تاپىسەن. بۇ پەيتتە تاغلار سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا دالىدىكى ئاددىي قىرلاردەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. جېنىڭغا تەلەپ راھىتى يېتىدۇ. سېنىڭدىن مۇشەققەت چېكىش شىددەتلىرى كېتىدۇ. كۆڭلۈڭ گۆھەر تېپىشقا قانچىلىك مۇھەببەت قويسا، سەن ئۈچۈن غەۋۋاسلىق قىلىش شۇنچىلىك ئاسان بولىدۇ. ۋىسال قۇياشى جامالىنى كۆرستىشى بىلەنلا تۈنلىرىڭ تاڭغا ئۇلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ پەيتتە ئالدىڭغا مەست پىل دۈچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنى پاشىچىلىك پەسەنتىڭگە ئالمايسەن. يولۇڭنى يۈزلىگەن شىر ياكى ئارسلانلار توسسىمۇ، سەن ئۇنى بىر چولاق چۈمۈلىدەك كۆرىسەن. ئۇ خەزىنىگە ئېرىشسەڭ، كۆڭلۈڭگە ئەجدىھادىن خەۋپ يەتمەيدۇ. كۆپۈرلۈق بىلەن ئىماندىن تەڭلا قول يۇيىسەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدىڭدا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىچكىرىگە كىرگىنىڭدە، ئۇ يەردە نە كۇپۇرلۇق، نە دىندىن نىشان قالمايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ بارچىسىدىن قۇتۇلىسەن. چۈنكى كۇپۇرلۇق ياكى ئىمان دېگەنلەر بۇ يولغا كىرگەن كىشى ئۈچۈن مەسىلەك ئەمەس. بۇلار ئەسلىي

يولدىكى توسقۇندىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

## ئىشق ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

تەلەپ ۋادىسىنى تامام قىلغىنىڭدىن كېيىن، شۇ ھامان ئىشق ۋادىسىغا قەدەم قويىسەن. ئىشق — ئۆچمەس بىر مەشئەلدۇر. ئۇنىڭدىن ھەممە ئالەم نۇرلىنىدۇ. ياق، ئۇنى مەشئەل ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جاھاننى كۆيدۈرگۈچى شولا دەپ بىلگىن. ئىشققا ھەرقانداق نەرسە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئوتقا خەس - خەشەكلەر قانداقمۇ تەك بولالىسۇن؟ سەمەندەردىن باشقا قايسى جانىۋار ئوت ئىچىدە يۈرەلەيدۇ؟ ئىشق ئىچىدە قەلەندەر بولغانلىقىنىڭ ئۆزى ئوت دېڭىزىدا سەمەندەر بولغانلىقتۇر. ئاشىق بولغان دىۋانىنىڭ ئىشى شولا ئىچىدىكى پەرۋانىدەك كۆيۈشتىن ئىبارەت. دانالىقنى رەنالارنىڭ ئىشى دەپ ئېيتما. پەرۋانە بولۇشقا كېپىنەكنىڭ ھەددىمۇ؟ كېپىنەك ياش باللارغا ئۆز ھۆسنى ۋە زىبالىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قولىدىن جەندە كىيگەن دىۋانىنىڭ ئىشىنى قىلىش كەلمەيدۇ. ئۇ پەرۋانىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئوتقا ئۇرالامدۇ؟ گەرچە كېپىنەك ئۆزىنىڭ تۈرلۈك رەڭ ۋە ھالەتلىرى بىلەن كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پەرۋانىدەك يېنىپ كۆيەلمەيدۇ. ئەزەلدىن ئىشق ئارا گۈل بولغان ھەربىر قۇشنىڭ ئىسمىنى بۇلبۇل دېگىلى بولامدۇ؟ ئىشق ئىچىدە كۆيمىگەن ئادەمنى ئىشققا بېرىلگۈچى دېمە. كىمكى پىدا قىلمىسا، ئۇنى ئاشىق دەپ ھېسابلىما. ئىشق ئەھلى كۆيۈپ ئۆرتىنىش بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئىشق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگىلىگىلى بولىدىغان ھۈنەر ئەمەس. ئىشققا مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ كۆڭلىدىن چىققان ئوت پۈتكۈل ۋەيرانىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى ئەجدىھانىڭ نەپەسلىرىدەك قۇدرەتلىكتۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

ئاشىقلارنىڭ كۆڭلى ئاھ چېكىشتىن خالىي ئەمەس. ئوتخانا ئىچىدىن تۇتۇندىن ئۆزگە نېمە چىقىشى مۇمكىن؟! ئىشقتىن چۈشكەن يالقۇن پۈتۈن ئالەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى چاقماقتەك جاھاننى ئۆرتەيدۇ. ئىشق ئوتىدا ھەقىقىي پاك ئاشىقلار كۆيۈپ ئۆرتىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۆرتىنىشى گوياكى چاقماق چۈشكەن خامانغا ئوخشايدۇ.

سەن ئاشىق كۆڭلىنى ئەزەلدىن ئوتلۇق دەپ ئويلىما. بەلكى ئىشق ئۇنى ئەنە شۇنداق ئوتخانىغا ئايلاندۇرغان. ئىشق بىر ئوت كەبى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىدۇ. چۈنكى ئوت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كىشى كۆيمەي قالمايدۇ.

ئىشق بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. جىسمىڭغا ئوت چۈشسە، ئۇ سېنى قۇيۇندەك سەرگەردان قىلىدۇ. ئىشق ئىچىدە كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىن ئۆزگە ئىش يوق. ئوت ئىچىگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆيمەي ئامالى يوق. ئىشق ئاسمىنىدىن قاياقتا چاقماق چۈشسە، شۇ يەردە جانلارنى ئوت كەلكۈنىگە غەرق قىلىپ تاشلايدۇ. ئىشق چاقمىقى خانۇماننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. خانۇمان ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جانۇجاھانغا ئوت قويىدۇ. جاھاننى تەرك قىلىش ئاشىقلارنىڭ ئاساسلىق ئىشىدۇر. ئۇلار ئالدىدا يار ئۈچۈن ئۆلۈش ئادەتتىكى ئەھۋال.

## مەرىپەت ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

شۇنى بىلگىنكى، ئىشق ۋدىسىدىن كېيىن مەرىپەت ۋادىسىغا كىرىسەن، بۇ جاينىڭ ناھايىتى بىپايان بىر باياۋان ئىكەنلىكىگە نەزەر سالغىن.

كىمكى بۇ ۋادىغا كىرسە، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ ۋادىدا يۈز

تۇمەنلىگەن يوللار بار، ئۇلار بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەردە بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىم بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ قارىمۇقارشىلىق بار. تەرەققىياتمۇ، زاۋاللىقمۇ شۇ جايدا مەۋجۇت، سەن ئۇ يەردە يۈز تۇمەنلىگەن يولۇچىلارنىڭ بىقارار ۋە ئىنتىزار بولغان هالدا هەربىرىنىڭ باشقا ـ باشقا يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ هەربىرى ئۆزلىرى كېتىۋاتقان يول بىلەن پەخىرلىنىدۇ. هەربىر كىشى ئەلنى ئۆز يولى تەرەپكە بۇراشقا هەرىكەت قىلىدۇ. بىرى ياخشى كۆرگەن يولنى ئىككىنچىسى خالىمايدۇ، هەربىر يولۇچىنىڭ كۆزىگە ئۆزىنىڭ يولى ياخشى كۆرۈنىدۇ. باشقىلارنىڭ يولىنى بولسا ئەسلا پىسەنتكە ئالمايدۇ، ئېتراپمۇ قىلمايدۇ. ئۇ يەردە پاشىمۇ، پىلمۇ ئوخشاشلا يولۇچى.

بۇ يەردە بارچە ياخشى ـ يامانىنىڭ هەممىسى سەيلە قىلىدۇ.

شۇنداق بولغانىكەن، بۇ يەردىكى ئىش زىددىيەتلىك بولماي قانداق بولاتتى؟ بۇ خالايىقلارنىڭ هەممىسى قاراكۆڭۈل ئەمەس ياكى هەممىسى ئاق كۆڭۈلمۇ ئەمەس. ئاشۇ زۆرۈرىيەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر گاداي ياكى پادىشاه بولسۇن، ئۇلارنىڭ هەممىسى ياكى هەربىرى ئۆزگىچە بىر يول بىلەن ئۆز سۆلۈكىنى ئادا قىلىدۇ. لېكىن نەپسانىيەت سەۋەبىدىن هەركىم ئۆز يولىدا كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ يولنى سۈپەتلەش لازىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلار ئوتتۇرىسىدا پەرق كېلىپ چىقتى. هەركىمگە ئۆزىنىڭ ئېرپانى (چۈشەنچىسى) سۈپەت ۋە ئالاهىدىلىك بولۇپ قالدى. كۆرگىنىكى، شۇقەدەر كۆپ پەرقلەرنىڭ هەممىسىنى مەرىپەت پەيدا قىلدى. هەركىم ئۆز يولىدا كامالەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ ۋادىنى كېزىشكە مەشغۇل بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ مەسلەك ۋە يوللىرى باشقىچە بولسىمۇ، لېكىن هەممىسىنىڭ

مەقسىتى بىردۇر. يولنىڭ تۈز ياكى ئەگرىسى، يىراق ياكى يېقىنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە خىلمۇخىل يوللار دۇچ كەپتۇ. ئۇ يولدا بەزىسى ھالاك بولۇپ، بەزىسى يۈرۈپ كېتىپتۇ. بەزىسى ئاۋارە بولۇپ، يولنى بېسىپ تۈگىتەلمەپتۇ. يەنە بەزىلەر يولدىن ئادىشىپتۇ. يەنە بەزىلەرگە تۈرلۈك توسالغۇلار، قىيىنچىلىقلار دۇچ كەپتۇ. لېكىن بۇ يولنى بېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەرىپەت قۇياشى تۇغۇشى بىلەنلا، ھەركىم ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز يولى بويىچە يۈرۈپ نەتىجە ئىزدەيدۇ. ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان سۇلۇك ئارقىلىق مەقسەت بايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى مەرىپەتتىن ئىبارەت بۇ پاكىز نۇر نۇرلۇق شولىلارنى چېچىش بىلەنلا، بۇ شولا ھەر كىمنىڭ كامالەتكە ئېرىشىشىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. كىمكى ئۆز يولىدا مۇشەققەت چەككەن بولسا، تارتقان رەنجىنىڭ مىقدارىغا باراۋەر خەزىنىگە ئىگە بولىدۇ.

## سەۋدايى ئاشىق

كۆڭلى پاراكەندە بولغان بىر سەۋدايى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاي يۈزلۈكنىڭ سەۋداسى بىلەن زار ۋە ناتىۋان بولغانىدى. ئۇ سەۋدايىنى شەيدا قىلغان ئاي يۈزلۈك گۈزەل ھۆسن ـ جامالدا ئالەمگە غوۋغا سالغانىدى. شۇ تۈپەيلىدىن مەملىكەت ـ مەملىكەت، شەھەر ـ شەھەرلەردە سۆرەن ـ چۇقانلار پەيدا بولغانىدى. ئۇ گۈزەللىكى بىلەن جاھانغا ئاپەت سالسا، ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن جانلارنى بالاغا قوياتتى. ئۇنىڭ چېھرى ئالدىدا ھۆر ـ پەرىلەرمۇ مەغلۇپ ئىدى، ھۆسن ـ جامالى ئالدىدا ئاي بىلەن كۈنمۇ پىنهانغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى.

گەرچە ئۇنىڭ ھۆسنىدىن لۇتپى - ئېھسان كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى ئىش بىلەن مەشھۇر ئىدى، بىرى، ئۇ ناھايىتى زېرەك ئىدى. ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى؛ يەنە بىرى: جاپا ۋە زۇلۇم سېلىشتا شىددەتلىك ئىدى.

مەجنۇن كەبى پاراكەندە بولغان بۇ ئاشىق بىر كۈنى مەشۇقىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى گۈلگە، بويلىرىنى سەرۋىگە، كۆرۈنۈشىنى تورغا، يۈرۈشلىرىنى كەكلىككە ئوخشىتىپ قىياس قىلدى. ئۇ دىۋانە ئۆزىگە خۇش ياققان ئاشۇ سۆزلەرنى ھە دەپ تەكرارلاۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ مەشۇقى يېتىپ كەلدى - دە، پىنھان جايدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئاندىن يوشۇرۇنغان يەردىن چىقىپ، ئۇ بىچارىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سەن ئېيتقان بۇ مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى تەنە ۋە كىنايىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى ئۇ گۈزەل، — بۇ سۆزلىرىڭ ماڭا قاتتىق ھاقارەت، چەكسىز ئار - نومۇس! سەن مېنىڭ قامىتىمنى سەرۋى دېدىڭ، لېكىن سەرۋى ماڭا ئوخشاش ماڭالامدۇ؟! يۈزۈمنى گۈلگە ئوخشاتتىڭ، لېكىن گۈلنىڭ يۈزلىرىدە مېنىڭكىدەك يۈزلەرچە بالا - قازا پەيدا قىلالايدىغان كۆز ۋە قاش بارمۇ؟! شەكىل - سىياقىمنى تورغا ئوخشاش دەپ گۇمان قىلدىڭ، تور قاچان ئەلنىڭ ئەقىل - ھوشىنى ئېلىۋالالمىغان؟! يۈرۈشلىرىمنى كەكلىككە ئوخشىتىپ، لەقەم قويدۇڭ، بىراق كەكلىك كىشىلەرنى ئۆۋلىيالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆلارغا ئەسىر بولىدىغۇ؟!

ئاي يۈزلۈك گۈزەل غەزەپ بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇ بىچارىگە خىتاب قىلدى. ئاشىق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىپ، مۇنداق دېدى:

— مەن يېڭىلىشىپتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭدا ئىنتايىن

خىجىلمەن. لېكىن مەن ئۆزۈمچە سېنىڭ تەرىپىڭنى قىلغانىدىم. مەن سېنىڭ گۇناھكار قۇلۇڭمەن!

ـــ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ھازىرلا بۇ جاھاندىن يوق قىلىپ تاشلايمەن! ـــ دېدى ئۇ ئاي سىياقلىق گۈزەل غەزەپ بىلەن.

ئۇ سەۋدايى شۇ ھامان ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، يالۋۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى:

ـــ ئەي ھۆسنۈڭ بىلەن ھۆر - پەرىلەرنى شەرمەندە قىلغان گۈزىلىم، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت، سەممىي ساداقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك تۇيغۇلىرىدىن ئېيتىلغان سۆزلەر ئىدى. ئۇ تەرىپلىرىمدە شىكايەتتىن، تەنە ۋە كىنايە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. لېكىن سېنى ماختاش ۋە سۈپەتلىرىڭنى بايان قىلىشتا دىتسىزلىق قىلىپ، كەمچىلىك سادىر قىلدىم. بۇ ئىشتا مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا رەھىمىڭ كەلسۇن. چۈنكى مېنىڭ تەلپىمنى شەرمەندىلىك ھالاك قىلماقتا. مېنى ئۆلتۈرمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ، ھەرەج تارتىپ يۈرمىگىن!

سەۋدايى ئاشىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بويىنىغا ئالغاچقا، ئۇ نازىنىن رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىدىن كەچتى.

## قەقنۇس ھەققىدە ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەقنۇس دەپ ئاجايىپ بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇ ھىندىستان ئېلىدە ماكانلاشقان بولۇپ، شۇ يەردە سەيلە قىلىدىكەن. ئۇ قۇش ناھايىتى كېلىشكەن، كۆچلۈك ۋە ساغلام ئىكەن. ئۇنىڭ ھەربىر پەيلىرىدە ئۆزگىچە نەقىش ۋە رەڭلەر تاۋلىنىپ تۇرىدىكەن. قەقنۇسنىڭ شەكىل - سىياقى شۇ قەدەر ئاجايىپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرىمۇ غارايىپ ئىكەن.

ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا ناھايىتى كۆپ تۆشۈكچىلەر بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ جانلارنى سۆيۈندۈرگۈچى يېقىملىق ناۋالارنى تۈزسە، تۇمشۇقىدىكى ھەربىر تۆشۈكتىن يۈز خىل ئاجايىپ ئاھاڭلار تارقىلىدىكەن. ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشى ھوشىدىن ئايرىلىدىكەن.

قەقنۇس جۈپسىز ھالدا تەنها ياشايدىكەن. ھېچقانداق قۇش ئۇنىڭغا جۈپ بولۇشقا لايىق كېلەلمەيدىكەن. قەقنۇس ئۆزى ياشاۋاتقان ئورماندا بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە قونۇپ سايراشقا باشلىغىنىدا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر پەيلاسوپ كىشى ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىتۇ. ئۇ كىشى بۇ سادالار ئىچىدىكى تۈرلۈك ئاھاڭلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىپ چىقىپ، مۇزىكا پېنىنى كەشىپ قىلغانىكەن.

قەقنۇس ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورماندا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە ئوتۇن يىغىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. خاھى قۇرۇق، خاھى ھۆل بولسۇن، ئوتۇنلا بولسا قويماي يىغىدىكەن. ئۇنىڭ يىغقان ئوتۇن دۆۋىسىدىن غايەت زور بىر خامان ھاسىل بولىدىكەن. قەقنۇس بولسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمرى ئىچىدە يىغقان ئاشۇ ئوتۇن خامىنىغا ئورۇنلىشىپ، ئوتۇن دۆۋىسىگە چىقىپ، يېقىملىق سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق جانلىقلار، ئۇ مەيلى ئۇچار قاناتلار بولسۇن ياكى ۋەھشىي ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ كۈي سادالىرى تۈپەيلىدىن زەئىپ ۋە مەجرۇھ بولىدىكەن، ھەتتا كۆپ قىسمى دەردمەنلەرچە ھالاك بولىدىكەن. قەقنۇس ئۆزىنىڭ كۈي - نەغمىلىرى ئاخىرلاشقاندا، شۇنداق ئوتلۇق بىر ناۋا چېكىدىكەنكى، ئۇنىڭ ئوتلۇق ساداسىدىن ئوتۇن خامىنىغا ئوت چۈشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قەقنۇسنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى، يەنى

بۇ كاتتا ئوتۇن خامىنىدىن ئوت يالقۇنلىرى پەلەككە باش سوزۇشقا باشلايدىكەن. گويا چاقماق چۇشكەندە بارلىق خەس - خەشەكلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ ناۋاسىدىن چۇشكەن ئوت ئوتۇن دۆۋىسىنى ئۆرتەشكە باشلايدىكەن. قەقنۇسمۇ ئوتۇن بىلەن تەڭ كۆيۈشكە باشلايدىكەن. ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرى خۇددى ياپراقتەك كۆيۈپ يانىدىكەن. ئاخىر ئۇ ئۆزىمۇ، يىغقان شۇ قەدەر كۆپ ئوتۇنلىرىمۇ پۇتۇنلەي كۆيۈپ، كۇلگە ئايلىنىدىكەن. كۇل خۇددى بىر زور تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن. ئۇ كۇلنىڭ ئارىسىدىن بىر قەقنۇس چۇجىسى نامايان بولۇپ، ئۆمىلىگەن پېتى كۇل ئارىسىدىن چىقىدىكەن، ئاندىن زىبۇزىنىنەتلىك پەيلىرىنى چىقىرىپ، قانات - قۇيرۇقلىرىنى رۇسلاپ، كۆككە پەرۋاز قىلىدىكەن - دە، يەنە ئاشۇ ئورمانلىق ئىچىدىن ئوتۇن يىغىشقا باشلايدىكەن. ئۇمۇ ئۆمۈر بويى ئوتۇن يىغىپ، ئاخىرىدا مۇڭلۇق ئاھاڭلاردا سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭمۇ ئۆمرى پايانىغا يەتكەندە، ئاتىسى قىلغاننى ئوغلىمۇ تەكرارلايدىكەن.

دېمەك، بۇزرۇكۋار شەيخ (فەرىدىدىن ئەتتار) ئاشۇ ئاۋۋالقى قۇشقا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ ئۆمرىنى سايراش بىلەن ئۆتكۈزدى؛ شۇ قەدەر ئاجايىپ يېقىملىق ناۋا بىلەن سايرىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا بارلىق ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە قۇشلارمۇ مەپتۇن بولدى. بارچە ئۇنىڭ ئاپەتلىك ناۋاسى تۇپەيلىدىن ھالاك بولدى. ئاخىر خامانمۇ، خامان ئىگىسىمۇ خۇددى ئاشۇ قەقنۇسقا ئوخشاش كۆيۈپ كۇل بولدى. ئەمما ئاشۇ كۇل ئىچىدىن يەنە بىر قۇش بالىسى چوغدەك يالتىراپ، بەلكى چوغ ئىچىدىن سەمەندەردەك چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ بۇ دەۋران گۇلشىنىدە ھەرخىل قۇشلارنى، ھەتتا ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئەتراپىغا يىغدى. تۇمشۇقىدىن يۈز خىل سادالارنى چىقىرىپ، تەڭرىتائالانىڭ مەخپىي سىرلىرى ھەققىدە

ئۇتلۇق ناۋالارنى چەكتى. بۇ ناۋالار بىلەن ھەم ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا، ھەم خامىنىغا ئوت ياقتى. ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ كۆيدۈردى.

مەن ئۇ (شەيخ فەرىدىدىن ئەتتار) ئاتا، مەن ئوغۇل دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پادىشاھ بولسا، مەن ئۇنىڭ ئاددىي چاكىرى، قۇلىمەن. چۈنكى ئۇ پادىشاھ بۇ ئوتتا كۆيۈپ، پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالغاندىن كېيىن، ھېچ كىشى بۇ ئوتتا مېنىڭچىلىك كۆيۈپ، ئۆرتەنمىدى. ئۇنىڭ ياققان ئوتلىرى يالقۇنجاپ بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ قۇش تىلى ۋاستىسى بىلەن يالقۇنلارنى پەيدا قىلدىم. بۇ شولىلار بىلەن ھەم ئۆزۈمنى، ھەم ئەلنى كۆيدۈردۈم. چۈنكى بۇ دۇنيا ئاتامدىن نېمىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنى ماڭىمۇ ئۆگەتتى. ھەم ئۆزۈمنى، ھەم ئالەم ئەھلىنى ئۆرتىدىم. مەن قۇش تىلىدىن تاشقىرى سۆزلىمىدىم. بۇ سۆزلىرىمنىڭ پانىيلىق يالقۇنلىرىدا كۆيگەنلەرگە باقىيلىق (ئەبەدىيلىك) ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## بىر پادىشاھنىڭ مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايىتى

بىر جاھانگىر پادىشاھ بار ئىدى. سەلتەنەت ئىگىلىرى ۋە تاجدارلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئاددىي مۇلازىملاردىن ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچىلىك يەتكەن بولۇپ، بارچە ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇناتتى.

ئۇنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ساقلىغان يېگانە گۆھەردەك بىر مەستۇرە قىزى بار ئىدى. بۇ گۈزەلنىڭ ھۆسنى ئالدىدا ھۆر - پەرىلەرمۇ شەرمەندە بولۇپ قالاتتى. ئۇ گۈزەل بوستاندا ئۆسكەن بىر نازۇك كۆچەت، ياق، كۆچەت ئەمەس، بەلكى پەلەككە باش سوزغان سەرۋى ئىدى. ئۇ، جان ھۇجرىسىدىكى دىللارنى سۆيۈندۈرگۈچى

نۇرلۇق شام، ياق، ياق، شام ئەمەس، بەلكى پارلاق قۇياش مەشئىلىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ناز بىلەن تولغان ئىبارەت بولغان كۆزلىرى جانلارغا ئاپەت سالاتتى. دەۋران بۇنداق بالا ـ قازالىق كۆزنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ۋە خالىنىڭ پىتنىلىرى ئىپار ھىدلىرىنى تارقىتاتتى. بۇنداق پىتنىگە دۇچ كەلگەن كىشى ھېچقاچان ئامان قالماس ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە جايلاشقان ياقۇت لەۋلىرى بىلەن يېقىملىق نەپەسلىرى خۇددى قۇياش بىلەن ئەيسا روھۇللادەك ئىدى.

ئۇنىڭ ۋىسالىدىن قانچىلىغان دۆلەتمەن كىشىلەر، بەلكى ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھلار ئۈمىد كۈتەتتى. بىراق، بۇ ئارزۇ ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇنىڭ ۋىسالىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى شادلانمىدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۆزىمۇ ئەلگە يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، بۇ خىل ئارزۇ ئىككىلا تەرەپتىن ئۈزۈلگەنىدى. يەنى، بىر تەرەپتىن بۇ دەۋران ئىچىدە يېگانە بولغان ئاشۇنداق گۈزەل قىزغا كىممۇ جۈپ بولالىسۇن؟ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قىز ئاشۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا قانداقمۇ خېرىدار بولالىسۇن؟

تاسادىپىي ھالدا، ئۇ گۈزەل قىز كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر گۈزەل يىگىت ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى ۋە سەۋر ـ تاقىتىنى تارتىۋالدى. ئۇ يىگىتنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى روھتىنلا مۇجەسسەم بولغاندەك سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى. گۈزەللىك ئاسمىنىدا ئۇ گوياكى شەرق قۇياشىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى سەھىپىسىگە ئىپار تۇسلۇك خەت (بۇرۇت) پۈتۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى خال بولسا، ئاشۇ خەتنىڭ ئۇستىدىكى چېكىتكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە رەنالىقى سەرۋى نوتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. نازۇكلۇق ۋە زىبالىقى بولسا،

گۈلنى ئەسلىتەتتى. بۇ قىز شەرق قۇياشىدەك بولسا، ئۇ يىگىت نۇرلۇق تولۇن ئايدەك ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەممۇدەم ۋىسال جامىدىن مەي ئىچىشەر، بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولۇشار ئىدى.

گۈل يۈزلۈك قىز ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىدام ۋە تاقىتى يوقالغانىدى. ئۇنىڭ شەيدالىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، بۇ ئەھۋالدا رەسۋا بولۇشى ئايان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر دائىم ئاشۇ چۈشنى قايتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كۆزىدىكى بۇ ئۇيقۇنى كۆز ياشلىرى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاسايىشلىق قالمىغان، تىنچلىقى بۇزۇلغانىدى. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ تىنچ - ئاراملىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ھىجران دەردى ئېغىر كېلىپ، پاراكەندە ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئالىي قەسىرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە باقار، سەۋر - تاقەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇش يولىنى ئارزۇ قىلىپ، ئوتلۇق ئاھ ئۇرار ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا پادىشاھنىڭ بەزمە تۈزگەن جايىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەردە چۈشىدە كۆرگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ دەۋران روزغارىغا پىتنە سالغۇچى نەۋجۇۋان يىگىت پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىدى.

دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يىگىتنىڭمۇ قىز تەرەپكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى ئىشق ئوقىغا نىشان بولدى. ئۇنىڭ ئاجىز جېنىغا ھاياجان چۈشتى. بۇ ھاياجان ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتى ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، جېنىغا قەست قىلىشقا باشلىدى.

ئۈنىڭدا نە خۇشاللىق قالدى، نە سەۋر ـ تاقەت، ھەتتا ئۆزىمۇ سەۋر ـ تاقىتىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاكى ئاخشامغىچە شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تۇن قاراڭغۇلۇقى زېمىنغا ئۆز پەردىسىنى يايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يۇز مىڭلىغان نالە ـ پەريادلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئاھۇئەپىغان چېكىش بىلەن ئۆتتى. ئاھ بىلەن تۆككەن كۆز ياشلىرى خۇددى كەلكۈنگە ئوخشايتتى. تاڭ قۇشلىرى سەھەر سىرلىرىنى ئاشكارا قىلىش بىلەنلا، ئۇ يىگىت يەنە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆز كۆكسىگە تاش ئۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئىشق ئىككى تەرەپكە ئەنە شۇنداق سەۋدالارنى سالغان بولۇپ، گوياكى ئىككى مەملىكەتتە بىر خىل غوۋغا پەيدا بولغاندەك ئىدى. گەرچە يىگىت قىزنىڭ ئىشقىدا زار ـ زار بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ئىشق ئىچىدە زارۇ زەبۇن بولۇپ، شۇ قەدەر بىتاقەت بولدىكى، ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ئىشق رەسۋاچىلىقى مۇئەييەنلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىچارە بولغانلىقىنى سېزىپ، ئامال ئىزدەش ئىشىنى زۆرۈر تاپتى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ ئىش مەخپىي تۇتۇش قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تاكى ئۇنى كىشىگە بىلدۈرمىگۈچە ئامال يوق، دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ ئىككى يېقىن مەھرىمى بولۇپ، شادلىق ۋە غەملىك پەيتلەردە ئۇنىڭغا ھەمدەم ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئىشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا ئۇستا ئىدى. شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئاجايىپ ھۈنەرلەرنى كۆرسەتكۈچى ماھىر سېھىرگەر ۋە قىزىق ئويۇنلارنى ئوينىغۇچى سەنئەتكار قىزلار ئىدى. ئۇلار مىكىر ـ ئەپسۇنلارنى

www.uyghurkitap.com

پۈختا ئىگىلەپ ۋايىغا يەتكۈزۈشكەنىدى. ھەتتاكى، پاشا بىلەن پىلنى بىر ـ بىرىگە جۈپ قىلالايدىغان دەرىجىدە ماھىر ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قىلاتتىكى، بۇ ئىشتا پاشا ئۆزىنى كىچىك دەپ ھېس قىلماس، پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەس ئىدى. ئۇلار ھەربىرى ئەنە شۇ خىل ھىيلە ـ ئەپسۇن ۋە نەيرەڭلەر ئىگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئىشق بىلەن سەۋر ـ تاقەتنى بىر يەرگە جەم قىلالايدىغان دەرىجىدە قابىل ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى مۇزىكا بابىدا يېگانە، ئىككىنچىسى بولسا، ناخشا ئېيتىشتا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇلار ساز ۋە كۈينى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنداشقا باشلىغاندا، چالغان كۈي ـ ئاھاڭلىرى زۆھرە يۇلتۇزى ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ بىرى سازىنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى بىلەن تىرىكلەردىن جان ئالسا، بۇ بىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئۆلۈكلەرگە جان سالاتتى. ئۇلاردىن بىرى ساز چېلىپ، يەنە بىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان ھامان، ھوشيارلار ئەقىل ـ ھوشلىرىنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە ئىشق شىددىتى كۈچەيگەچكە، ئاشۇ ئىككى كېنىزەكنى چاقىرىپ، خىلۋەت ھۇجرىغا كىردى. ئۇلارغا ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلىغان ھالدا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىشقىنىڭ ئۆزىنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ ئۈنى غەم ـ ئەلەمگە سالغانلىقىنى، ئوڭىدا كۆرگىنىدە بولسا، دىۋانە قىلغانلىقىنى، ئۇ يىگىتنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن بىتاقەت بولۇپ، مەستانە ۋە ھوشسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى، ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

ــــ سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرىم، شۇڭا

مېنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بېرىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، بۇ سىرلىرىمنىڭ تىكىنى خەلق ئارىسىدا گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. بۇ ئىشىق ئۇتى تېنىمنى كۆلگە ئايلاندۇردى. بۇ كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىنمۇ ھېچ غەم يېمەيمەن، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھەسرەت چەكمەيمەن. بىراق، مەن شۇ كەمگە قەدەر تەقۋادارلىق جەھەتتە لاپ ئۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ سىرلىرىم ئەلدە ئاشكارا بولسا، نومۇستىن ئۆلىمەن. ئاتامنىڭمۇ بۇ ئىشتىن ئۇياتقا قېلىشىدىن كۆپ غەم قىلىمەن. بۇ غەم - غۇسسىلىرىمنى ھەتتا بايان قىلىشقىمۇ ئاجىزمەن. چۈنكى ئۇ پەلەكنىڭ شاھىدەك كاتتا كىشى ئالدىدا بۇ ئىشىم بەكمۇ ھار كېلىشى تۇرغان گەپ. ھالبۇكى، ئاتام ئۇچۇن مەندەكلەردىن يۈزى ئۆلسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ خۇددى دەريادا بىر خەسنىڭ چۆكۈپ كەتكىنىچىلىك ئىش. شۇنداق ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ مېنىڭ تۈپەيلىمدىن نومۇسقا قېلىپ شەرمەندە بولۇشىغا چىدىيالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غېمىم بارغانسېرى زورايماقتا. مەن سىلەرگە ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرەمسىلەر ياكى بۇ ئىشىمنىڭ ئىلاجىنى قىلامسىلەر، ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە. مەن ئىلگىرى توسۇن بولغان بولسام، ئەمدى ئىشىق قولىغا چۈشۈپ خار بولدۇم. ئىلگىرى كۈچلۈك بولغان بولسام، ھازىر ئاجىز بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇ غەملىك ھالىمغا رەھىم قىلىڭلار كەلسۇن. نالە - پەريادلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

ئۇ ئىككىسى بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى:

— سېنىڭ ئالدىڭدا جانلىرىمىز پىدا بولسۇن. بىز شۇنداق بىر چارە تاپايلىكى، ئۇ نازىنىن يىگىت سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئۆلپىتىڭگە ئايلانسۇن. بىز قىلغان بۇ ئىشنى ھېچ ئادەم

بىلەلمەيدۇ. ھەتتاكى شۇ مەھبۇبەڭمۇ سېزەلمەيدۇ. ئەمما سەن بىرنەچچە كۈن سەۋر ـ تاقەت قىلغىن. دائىم بۇنداق ئاھ ـ ۋاھ چېكىۋەرمە. بىر مۇددەت ئۈن چىقارما. چۈنكى، سېنىڭ بۇ مەقسىتىڭنى يوشۇرۇن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىزمۇ شۇ تەرزدە ئىش تۇتماقچىمىز.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئىككى نەپەر دانىشمەن كېنىزەك بۇ ھەقتە دىققەت بىلەن چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇ يىگىت بىلەن بىرىش ـ كېلىشنى يولغا قويدى. ئۇلار يىگىت بىلەن سىرداشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاشۇنداق ھېسسىيات بارلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتتىكى، بۇ بىچارە غېرىب يىگىت ئاخىر ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشتى. ئۇلار يىگىتكە:

ـــ ساڭا بىز چارە تېپىپ بېرىمىز. سەن بىزگە ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىلغان بولساڭمۇ، سېنىڭ نېمىدىن ناتىۋان بولغانلىقىڭنى بىلمۇالدۇق. ئەگەر ئۇنىڭ ئىشقى كۆڭلۈك مەملىكىتىنى ئىشغال قىلمۇالغان بولسا، ھىجرانلىرىڭغا بىزدىن ۋىسال ئۈمىدى يېتىدۇ، ـــ دېيىشتى.

يىگىت بۇ ئەھۋالدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇ ئىككىسىگە جان ـ دىلى بىلەن موھتاجلىق ئىزھار قىلدى. نېمە دېسە، پەرمانىغا جان ـ جېنى بىلەن ئىتائەت قىلدى. بۇ ئىككى بىلەرمەن ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىق بازىرىنى ئەنە شۇنداق قىزىتىپ، بۇ ئاجايىپ قۇشنى ئاشۇنداق ئوۋلىدى. ئۇلار:

ـــ بىزنىڭ مەنزىلىمىزگە يۈر، ـــ دەپ يىگىتنى ئۆز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ناتىۋان يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شادىمان بولۇپ باردى. ئۇ يەردە كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر شاھانە بەزمە تۈزدى. ئىشق ئىچىدە تۇتقۇن بولغان بۇ يىگىت مەي ئىچىشكە باشلىدى. مەي ـ شاراب تەسىرى بىلەن مەستخۇش بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى كېنىزەك ھېكايە ئېيتىشقا باشلىدى. ئىشق ۋە ئاشىقلىقنىڭ ئوتلىرىدىن ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ پايدا ـ زىيانلىرىدىن سۆزلەپ، ناھايىتى كۆپ يېقىملىق سىرلارنى بايان قىلدى. ئۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن يىگىت بۇ ھېكايىلەر بىلەن مۇراد شارابىنى ئىچكەندەك بولدى. مەينىڭ كەيپى، ئۇ ھېكمەتلىك ھېكايىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، يىگىت شۇ قەدەر ناتىۋان بولدىكى، ئۇنىڭغا خامۇشلۇق يۈزلىنىپ، ھەر نەپەستە ئۆزىنى يوقىتىپ، يەنە ھوشىغا كېلەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ئىككى ئەپسۇنگەر نەغمە ـ ناۋانى باشلىدى. بىرى ئۇدنى قولىغا ئېلىپ كىشىنى بىھوش قىلغۇچى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا چالسا، يەنە بىرى كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرگۈچى ئوتلۇق كۈيلەرنى ئېيتاتتى. ناتىۋان يىگىت جانغا ئوت سالغۇچى بۇ كۈي ـ نەغمىلەرنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقاتتى. گويا ئۇ ھوشىدىن كەتكۈزگۈچە مەي ئىچكەندى. كېچە ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى. ھوشىدىن كەتكەن يىگىت كېنىزەكلەرنىڭ قارشىسىدا ياتاتتى. ئىككى كېنىزەك قىز ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندى. ئۇلار سۇسلۇق قىلماستىن، دەرھال بىر ئاجايىپ بۆشۈكنى ئېلىپ كەلدى. يىگىتنى چاققانلىق بىلەن بۆشۈككە سېلىپ، ئۇنى تېزدىن بۇ يەردىن ئېلىپ كەتتى ـ دە، ئاي يۈزلۈك قىزنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى. بۇ جايدا شادلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتكە كېتەرلىك بارلىق ئەسۋابلار تەييار ئىدى. شېرىن لەۋلىك گۈزەل قىز ئۇلارنى خىلۋەتتە كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇ تەجرىبىلىك ئىككى

www.uyghurkitap.com

كېيىنزەك بۆشۈككە بۆلەنگەن بىر ئاق بەدەنلىك سەرۋىنى قىزنىڭ قەسىرىگە يەتكۈزدى. ئۇنى ئاي يۈزلۈك قىز ئولتۇرغان تەخت تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، ئاينى قۇياشقا تاپشۇرۇشتى.

ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى سېپىشنى بۇيرۇدى. ئەتىر ھىدلىرى ئۇ ھوشسىزنىڭ دىمىغىغا يېتىش بىلەنلا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ جەننەت كەبى بىر جايدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ھۆر - پەرىلەرگە ئوخشاش بىر گۈزەل قىز، يەنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى زار - زار قىلغان ئاشۇ ئاي يۈزلۈك جانان تۇراتتى. يىگىت شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يەنە ئاجايىپ بىر ھالەت بىلەن قايتا يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. تۆت ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئاندىن كاتتا بىر شاھانە تەختنىڭ يېنىدا بەختىيار ھالدا كۈلۈپ تۇرغان دىلبىرىنى كۆردى.

— ئەي تەڭرىم! — دېدى يىگىت ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — بۇ قانداق ئەھۋال؟ بۇ ئەھۋال مېنىڭ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ ياكى خىيالىممۇ؟!

ئاي يۈزلۈك قىز ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەر بىلەن تەسكىن بەردى. ۋىسال قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ھوشىدىن ئادىشىپ قالغان، بۇ چۈش ئەمەس. خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى ۋىسالدۇر. سەن تەڭرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئەمدى ۋىسال شارابىنى ئىچكىن!

پەرى شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاچ قولىغا بىر جامنى ئالدى - دە، ئۇنى تولدۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى گۈل رەڭلىك مەينى يىگىتكە ئۇزاتتى.

گوياكى ئۇزرادەك گۈزەل چېھرىلىك بۇ ساقىي ھوشىنى يوقاتقان يىگىتكە ئارقا - ئارقىدىن نەچچە نۆۋەت قەدەھ تۇتۇپ

شاراب ئىچكۈزدى. ئۇ گوياكى مەي جامىدا شەرمىي هايا ئوتلىرىغا سۇ سەپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە پەردىسىز سۆزلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى. غەملىك ئاشىق بىلەن مۇڭلۇق مەشۇق پاراغەت ئۆيىدە ئەنە شۇنداق بىللە بولدى. ئۇلار شۇ قەدەر بىرلىككە ئېرىشكەنىدىكى، ئارىدىن ئىككىلىك دېگەن نەرسە كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ ئىككى هەمنەپەس هەۋەس ئىمكان بېرىدىغانلىقى كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلىپ، بىر - بىرىدىن بەهرىمەن بولۇشتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەدەپسىز ئىشلارنى قىلىشتىكى، بۇلارنى شەرهلەپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپتىن چىققانلىق بولار. نەزم:

هەم يىگىت مۇشتاقۇ هەم موهتاج قىز،
يۈزگە يۈز قويۇپ ئاغىز ئۆزرە ئاغىز.

يىگىتمۇ موهتاج ئىدى، قىزمۇ موهتاج ئىدى. ئۇلار يۈزلىرىگە يۈز، ئېغىزلىرىغا ئېغىز قويۇشقانىدى. قالغان ئىشلارنى شۇنىڭغا قىياس قىلىپ، ئاخىر قانداق ئىش بىلەن تۈگىگەنلىكىنى شۇنىڭدىنلا بىلىۋالساڭ بولار.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئەنە شۇنداق ئىشرەت ۋە پاراغەت كەيپىنى سۈردى. هەر ئىككىلا تەرەپ ئەدەپسىز ئىشلارغا يول قويۇشتى. سۇبهى تۈننىڭ سىرلىرىنى پاش قىلدى. يەر ئۈستىدىكى ئىپاردەك قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە ئاپئاق كاپۇر سېپىشكە باشلىدى. تاڭ سۈزۈلمەكتە، مەي ئۇلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئىككىيلەننىڭ هوشىنى قويمىغانىدى. بۇنىڭدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئىككى كېنىزەك پەردە ئارقىسىدىن چىقىپ ساز چېلىپ، كۈي كۈيلەشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ، يىگىتنى

يەنە بىھوش ھالەتكە كەلتۈرۈشتى. خەستىلىك ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ھالسىزلانغىنىدىن يەرگە يىقىلدى ـ دە، سېزىمىنى يوقاتتى.

تەدبىرلىك كېنىزەكلەر بۇ ئىشنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاشىق يىگىتنى يەنە بۆشۈككە سېلىپ، ئاياغلىرىنى مەھكەم باغلىدى. ئۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىلگىرىكى كۆلبىگە ئاپىرىپ قويدى. غەم تىكەنلىرىدىن ئازار چەككەن بۇ بىچارە ئاشىقنى يەنە ئۆزىنىڭ غەملىك كۆلبىسىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

يىگىت مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ دىمىغىغا تاڭ شاماللىرى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۇنىڭ خىيالىدا بىرمۇ بىر گەۋدىلەندى. مەھبۇبىنى ئەسلەپ، ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭلۇق ئاھ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بەدەنلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، ساق يېرىنى قالدۇرمىدى. ئۆزى ئۆزى بىلەن كۆپ جېدەل ـ ماجىرالارنى قىلدى. بۇ يورۇق ئالەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولدى. كۆزلىرىدىن يۇلتۇزلار كەبى ياشلىرىنى توختىماستىن تۆكتى. ئاھ ئۇردى، ھەسرەت چەكتى. پىغان تارتىپ ئەتراپقا غوۋغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋىسال بەزمىنى ئەسلەپ، سەۋدايىلاردەك نالە قىلاتتى.

— ئەي تەڭرىم! — دەيتتى ئۇ پەرياد چېكىپ، — نىمە تەدبىر قىلاي، ھالىمنى كىمگە بايان قىلاي! ئەگەر بۇ بىراۋغا ئېيتماي خامۇش تۇراي دېسەم، تاقىتىم يەتمەيدۇ! ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ. ئەھۋالىمنى يوشۇرۇشنىمۇ، ئاشكارىلاشنىمۇ، سۆزلەشنىمۇ، شۇك تۇرۇشنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ دەردلىرىمنى ئېيتقان بىلەن تۈگىتىپ بولغىلى بولسۇنمۇ؟! مەندە ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى سۆزلەشكىمۇ ئىمكان بارمۇ؟! ئەگەر ئۇنى

مەخپىي تۇتۇشنى نىيەت قىلسام، شۇ ھامان جاندىن كېچىشىمگە توغرا كېلىدۇ.

يىگىت شۇ تەرزدە چۇقان كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ تېنىدە روھ، بېشىدا ھوشتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەيرەتكە چۆكۈشلىرى ھەر نەپەستە جېنىغا تەسىر قىلاتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ھالىتىگە ھەيران ئىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى سورىسا، ئۇ جاۋاب بەرمەستىن، پەقەت مۇنۇ سۆزلەرنىلا قىلاتتى: «مەندىن بۇلارنى سورىماڭ. مۇشۇ كۆيۈۋاتقىنىممۇ يېتەرلىك. مېنى يەنە كۆيدۈرمەڭ دېمەڭ. ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، كىشى ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئەي تەڭرىم! شۇ قەدەر ئىقبال بىلەن ۋىسال بەزمىسىدە ئىستىقبالغا ئېرىشكەن كىشى مەنمىدىم؟! ئەگەر مەن ئۇنى شەرھلىمەكچى بولسام، باشقا كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنەلەمدۇ؟! ئاھ، قانداق قىلاي، ھەيرانلىقىم نامۇ نىشانىمنى كۆيدۈرمەكتە؟! قانداق چىداي، بۇ ھەيرەتلىرىم ۋەيران بولغان ناتىۋان جىسمىمنى ئۆرتىمەكتە. ئاۋۋال ۋىسال بىرلىكى ئىچىدە مەقسىتىمگە ئېرىشىپ مەشۇقۇم بىلەن قوشۇلدۇم. ئاخىرىدا ھىجران تۇپەيلىدىن بۇ قەدەر مېھنەت، مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ھەيرانلىققا چۆممەكتىمەن. ئەي تەڭرىم! مەن شۇنداق چەك ـ چېگراسىز، باش ـ ئاخىرسىز ئاجايىپ بىر ھالغا چۈشۈپ قالدىمكى، ئۇنى ھېچكىمگە يولۇقتۇرما!»